# توردا بۇزۇلغان ئايال

## (پوۋېست)

ياسىنجان ئابدۇجېلىل (هايات)

مەنبە: تەڭرىتاغ مۇنبىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى : مەنزىل گۇرۇپپىسى

مۇشۇ كۈنلەردە يۈز بېرىۋاتقان نۇرغۇنلىغان ئىشلار ئادەمنىڭ ئەقلىگە پەقەت سىغمايدۇ. كونىلاردىن سورىساڭ: «زامان ئاخىرىنىڭ ئالامەتلىرى» دېگەن بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلايدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا زامان ئاخىرىسىدا مانا شۇنداق ھەممە نەرسە ئۆز قېلىپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك. تووۋا...

ماۋۇ ئۆيدىكى مۈشۈك جىنىدا چاشقان تۇتماس بولۇۋالدى. قايسى كۈنى قاراپ تۇرسام بىر چاشقاننى بىردەم قوغلاپلا بولدى قىلدى. ھەممىنى قىلغان ئانام بىلەن سىڭلىم. قورۇق نان يىسە قانداق بولىدۇ دەپ، لەڭمەنگە سەي سېلىپ بىرىپ بېقىپ يامان ئۆگەتتى. تېخى ئاكامنىڭ كىچىك بالىسى دۇكاندىن تۈرلۈك ئۇششاق - چۇششەك نەرسىلەرنى ئەكىلىپ بېرىدىكەن. ئۇنداق قىلسا مۈشۈك دېگەن يامان ئۆگەنمەمدۇ؟ بىر ھەپتە بولدى، ئۆيدە چاشقان پەيدا بولۇپ قالدى. ئامال يوق، بازاردىن مەخسۇس چاشقان تۇتىدىغان «قاپقان» ئەكەلدۇق. ھازىر شۇ قاپقاندا چاشقان تۇتۇپ، ئۇدۇللۇق تۇتۇلغانلىرىنى مۈشۈككە بېرىۋاتىمىز. خوشنىمىز جېلىلكامنى تونۇمسىلەركىن؟ يىقىندىن بۇيان غەلىتىلا بولۇپ قالدى. ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە كىچىك قورا ياساپ قوي بېقىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ دىيىشىچە: «ھاۋالىق يەردە بېقىلغان قوي ياخشى سەمرەمىش! ؟» قايسى كۈنى ئۇنىڭ بورداۋاتقان قويىنى كۆرگىلى كەلگەن بىرى ئۆگزىگە چىقمەن دەپ شوتىدىن يىقىلىپ، پۇتىنى قايرىۋالدى.

باشقىلار سەھرانى «سەھرايى قىيامەت» دىيىشىدۇ. بولۇپمۇ شەھەرلىكلەرنىڭ نەزىرىدە سەھرالىقلار مەڭگۈ تومپاي، ياۋاش، باشقىلارغا بارىنى تۆكۈدىغان لېكىن باشقىلاردىن زەرىچىمۇ نەرسە تەلەپ قىلمايدىغان ئەخمەقلەر. بىراق بىزنىڭ سەھرالىقلارمۇ بوش ئەمەس. ھازىر سەھرانىڭ ئادەملىرىمۇ شەھەرلىكلەرگە قىزىقىدىغان، شۇنداق تۇرمۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان، ھەتتا شەھەرلىكلەردىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان بولدى. ئىشەنمەمسىز؟ قوشنا مەھەللىدىكى ئاينىساگۈل ھەدىمىزمۇ: «مىنىڭ شەھەرلىكلەردىن نەرىم كام ئىدى، شەھەرلىك قىزلاردا بار چىراي مەندىمۇ بار، نىمىشقىمۇ بۇ سەھرايى قىيامەتتە تۇغۇلۇپ قالغاندىمەن» دەپ

ئۆزىنىڭ سەھرالىق بولۇپ قالغانلىقىغا پۇشايمان يەپ يۈرگۈدەك. ئۆتكەندە ئۆزىچە ئۆيىدە شەھەرلىك قىزلارنى دوراپ كالتە كۆينەك كىيىپ، چىرايلىق ياسىنىپ، تازا گىرىم قىلىپتۇ. ئۆيدە قىلغان گىرىم قانچىلىك بولماقچىدى دەيسىلەر. ئىرى كەلگەندە شەھەرلىك قىزلارنى دوراپ، ناز قىلىپ كۈلۈپتۇ. دەسلەپتە يولدىشىمۇ ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ نىمە بولغانلىقىنى بىلمەي ھەيران قاپتۇ. ئاينىساگۈل يولدىشىغا ئەركىلەپ تۇرۇپ: «جانىم كەلدىلىمۇ، ۋاي - يەي نىمانچە پاسكىنا بولۇپ كەتتىڭىز» دەپ ئەكىلىگىلى تۇرۇپتۇ. يولدىشى ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا دەسلەپ تازا كۈلۈپتۇ، كېيىن كالا ئېغىلىغا ئەكىرىپ تازا ئۇرۇپتۇ... تۇۋا...

يەنە يېقىندىلا شۇنداق قىزىق ئىشتىن بىرنى ئاڭلىدىم. يوقۇرقى مەھەللىدىكى ھەسەنكامنىڭ ئەر ئالماي، يېزىدىكى يىگىتلەرنىڭمۇ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بىر قىرى قىزى بار ئىدى. ئاڭلىساق يېقىندا يىراق بىر يېزىدىن قىزنى كىلىن قىلايلى دەپ ئەلچى كىرىپتىكەن، خوشاللىقىدا بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ قاپتۇ... ھازىر ئېنتىرنىتتىمۇ كۈندە ئالامەت خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز. «پالانچى يەردە بىر ئايال سەمىرىپ نەچچە يۈز كىلوغا يەتتى، يەنە سەمىرەمىش، پالانچى يەرنىڭ باشلىقى پارىخورلۇق قىلىپ قېچىپ كەتتى، پۇستانچى دۆلەتتە ۋاقىتتىن ئۇتۇش ئۈچۈن قىزلارغىمۇ ئۆرە تۇرۇپ ھاجەت قىلىدىغان ھاجەتخانە ياسالدى» دىگەندەك... ئاغىنەمنىڭ ئاتمىشلاردىن ئاشقان ئانىسىمۇ يېقىندىن بۇيان تورغا چىقىدىغان بولىۋاپتۇ. تېخى ماڭىمۇ ئۆزەڭنىڭكىدەك كوت - دىن بىرنى ئېلىپ بەر دەپ ئالغۇزۇپتۇ. نىمە دەيمىز ئەمدى، ئۇنىڭ توردىكى ئىسمى «شەھرىزات» مىش...

مۇشۇ تورنىڭ گېپى چىقسا يېزىمىزدا يۈز بەرگەن ماۋۇ ئىش يادىمغا كېلىدۇ. ئىشەنگەنلەر ئۈچۈن راست، ئىشەنمىگەنلەر ئۈچۈن بىر يالغان ۋەقە...

1

يېزىمىز گۈزەل ئانا يۇرت تەۋەسىدىكى قەدىمىي يېزىلارنىڭ بىرى. گەرچە يېزىمىزدىن ئاتاقلىق كىشىلەر چىقمىغان، باشقىلارنىڭ نەزىرىگە ئانچە ئېلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەر بىز ئۈچۈن يەنىلا سۆيۈملۈك. چوڭلاردىن ئاڭلىسام، ئەينى ۋاقىتلاردا غېنى باتۇر بىزنىڭ يېزىدا بىر كۈن تۇرغان ئىكەن. چوڭلار بۇنى تازىمۇ زوق بىلەن سۆزلىشىدۇ. سۈيى مول، تۇپرىقى مۇنبەت بۇنداق يەرنى كىممۇ ياقتۇرمىسۇن؟ شۇڭىمۇ هازىر شەھەرلىكلەر مۇشۇنداق ئورۇنلارغا ئۆگۈنۈۋالدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە يېزادىكەن زېرىككەندە ئارام ئېلىشقا يارايدۇ. بىزنىڭمۇ شەھەردە بىر تۇغقىنىمىز بار. ئۆيى بىنادا. ئۇلارمۇ هەر يىلى 7 - 8 ئايلاردا بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا بەزىدە هەيران قالىمەن. هەتتا ئىشەككىمۇ كۆرۈپ باقمىغان. بىر كۈنى هويلىدا بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولىۋاتاتتىم. تويۇقسىز ئىشەك قاتتىق هاڭراپ كەتتى. قورقۇپ كەتكەن تۇغقىنىمىزنىڭ بالىسى ئاللا - تۇۋۋا سېلىپ قېچىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بەلكىم شەھەردىكى مەكتەپلەردە ئېلىپ بارىدىغان تۇرلۇك «بىخەتەرقوغدىنىش» دېگەن دەرسلىرىدە ئىشەكنىڭ ئاۋازىدىن قوغدىنىش دېگەن تۇر يوق بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ماۋۇ جانىۋارنىڭ دارۋازا ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان جورىسىنى شەپىسىنى سېزىپ شۇنداق تۇۋلاپ سالغىنىنى، ئۇنىڭ شۇ سەت ئاۋازى ئىچىدە ئاجايىپ بىر سېغىنىشلىق هېسسىياتنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن. بىر قېتىم ئاپام ئىككىمىزمۇ شەھەرگە كىردۇق. لېكىن بىر كۈن تۇرۇپ ئاران دېگەندە يېنىپ چىقتۇق. خالىغانچە ئوسۇرساقمۇ يەنىلا ئاسمىنى كەڭ مۇشۇ يەر ياخشىكەن.

ئاڭلىساق هازىر شەھەرلىكلەر گىلەمدىن زېرىكىپ، ئۆيلىرىگە كىگىز سالىدىغان بولۇپتۇ. غۇلجىنىڭ خەنزۇ بازىرىدا كىگىزگە گىلەم ئالماشتۇرۇۋېتىپتۇ دەپ گەپ چىققان ئىدى. خوشنىمىز خوشاللىقىدا ئۆيىدىكى بارلىق كىگىزلەرنى ماشىنا كىرا قىلىپ ئېلىپ كەتكەن. لېكىن بىر كۈن ساقلاپمۇ ئالماشتۇرالماي يېنىپ چىقىپتۇ. قارىغاندا بۇمۇ يالغان ئوخشايدۇ. شەھەرلىكلەرنىڭ ئاللىبۇرۇن تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرگەن

ئىنتېرنېت دېگەن نەرسە بىزنىڭ بۇ يەرلەرگە ئاياغ باسقىلى ئىككى، ئۈچ يىل بولۇپ قالدى. دەسلەپ پېزىمىزدا شۇنداق ئورۇندىن بىرى ئېچىلدى. بىزمۇ نېمە ئىشكەن دەپ ئۇ يەرگە كۆندە يىغىلىدىغان بولدۇق. شۇندىن بۇيان بۇ نەرسە پېزىمىزنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشىغا يېڭى بىر پارلاق تېمىسى ئېلىپ كەلدى.

- ئاڭلىدىڭلارمۇ، - دېيىشەتتى چوڭلار.

- زامان ئاخىرىسىنىڭ ئالامەتلىرى بولۇۋاتىدۇ. ئاتا - بوۋىلىرىمىز زامان ئاخىرىسىدا شۇنداق بىر نەرسە پەيدا بولىدۇ، يىراقتىكى نەرسىنى يېنىمىزدا تۇرۇپ كۆرگىلى بولىدۇ دېيىشەتتى. مانا تېلىۋىزور دېگەن نەرسە چىقتى. ئەمدى قارىساق ماۋۇ كومپيۇتېر دېگەن بىر نېمە پەيدا بولۇپتۇ. ئامېرىكىنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشكىلى بولىدىكەن.

- شۇنداق، شۇنداق، - دەپ گەپ قىتىشاتتى بىرىپ كۆرۈپ كەلگەنلەر خۇددى ئاجايىپ بىر چوڭ ئىشقا گۇۋاھچى بولۇۋاتقاندەك.

- ئۇلار نېمە قىلىۋاتىدۇ، نەگە بارىدى؟ نېمە تاماق يېدى؟ ھەممىسى چىقىپ تۇرىدىكەن.

مانا بۇ ئىشلارنىڭ بولغىلىمۇ بىر، ئىككى يىل بولدى. تەرەققىيات كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغىلى تۇردى. مۇشۇ ئىككى، ئۈچ يىل ئىچىدە پېزىمىزدىمۇ ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئەمدى ھېلىقىدەك كالتە يوپكا كىيىپ ئېرىدىن تاياق يەيدىغانلارمۇ ئازلاپ كەتتى. قىزلارمۇ گىرىم دېگەننى ئايىماي قىلىشىدۇ. بويىتۇ قىلىۋالسۇن، بىچارە يېزا ئاياللىرى جاھاننىڭ خۇۋلىقىنى كۆرمەي ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار ھازىر كۆندە كىلۇۋلاپ گىرىم قىلسىمۇ، يەنىلا بۇ ئۆمرىدە شەھەرلىك ئاياللارغا يېتىشەلمەيدۇ - ده. چۈنكى بۇ تەرەققىيات ئۇلاردىن تولىمۇ كېچىكىپ كەلدى.

تەرەققىيات نىمىنى كۆندۈرمەيدۇ، نىمىنى سۆيۈندۈرمەيدۇ دەيسىلەر. تېخى ئالدىنقى نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىلا مەھەللىمىزدىكى ئوغۇللار بىلەن بىر پارچە كىگىزنى ئوغلاق قىلىپ تارتىشىپ، كەچكىچە ئىشەك ئۈستىدىن چۈشمەيدىغان يان قوشنىمىزنىڭ قىزى مايسىگۈل جىنىدا شەھەرگە بىر كىرىپ چىقىپ ئۆزگىرىپ كەتتى. ھازىر سۇغا چىقسىمۇ

ئىگىز پاشىنىلىق تۇپلاي بىلەن چىقىدۇ. تېخى مەھەللىدىكى يىگىتلەرنى سەھرالىق دەپ ياراتماي يۈرۈپتىمىش. نەچچە يەردىن كىرگەن ئەلچىلەرگە ئانىسى دىگەن ھازازۇل: «قىزىمنى ئۇنىداق سەھرالىقلارغا بەرمەيمەن» دەپتىمىش. تۇۋا، ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ ياشاپ ئۆتكەن بۇ گۈزەل، ساپ ھاۋالىق يېزىدىن تانغىنى نىمىسى زادى. شۇنىڭغا قارىغاندا بۇ تەرەققىيات دىگەننىڭمۇ يامان تەرىپى بار ئوخشىمامدۇ؟ بۇرۇن ھەممە ھەيران قالغان ئاشۇ كومپيۇتېرمۇ ئادەتتىكى نەرسە بولۇپ قالدى. تېخى ئۆيلەرگىمۇ سالام بېرىپ كىرىپ كەلدى. بۇغۇ بىر خوشاللىق ھەي... نىمىسىنى دەي، مۇشۇ سەۋەپ بىلەن يۈز بەرگەن ئىشلارمۇ ئاز ئەمەس...

- ئالىمىز دىدىم ئالىمىز، - قولىنى بىلىگە تىرىۋالغان رەيھانگۈلنىڭ ئاغزى يەنە ئېچىلدى.

- بىزنىڭ ئۇلاردىن نەرىمىز كام؟ بىزمۇچۇ بۇ يېزىدا تۆتنىڭ كەينى بولساق ئونىڭ ئالدى.

- ھەي خوتۇن، نىماندىداق غەرەز ئۇقمايدىغانسەن، - قاسىماخۇن ئايالىغا گەپ يىگۈزەلمەي جىلە بولماقتا ئىدى.

- بىز دىگەن دېھقان خەق، بىزگە نىمە قويىدى ئۇ كومپيۇتېر دىگەننى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا تېخى كىچىك. ھازىر ئۇنىڭ ۋەزىپىسى مەكتەپتە ياخشى ئوقۇش، كېيىنچە ئېلىپ بەرسەكمۇ بولار.

- تولا ماڭا ئەقىل ئۆگەتمەك قاسىمبەگ، ئىشلىتەمدۇق ياكى تىزىپ قويامدۇق ئۇ مىنىڭ ئىشىم. مىنىڭ ئۇ مايماقتىن نەرىم كەم ئىدى. قاراپ تۇرسام ئۆزىچە:

- رەيھانگۈل ھازىر كومپيۇتېر مودا بولۇپتۇ. شۇڭا بالىمىز خەنجەرگىمۇ ئېلىپ بەردۇق. قاسىماخۇننىڭمۇ قول ئىلكىدە بولغاندىن كېيىن بىرنى ئېلىپ بەرسەڭلار بولمامدۇ، - دەپ شۇنچە خەقنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى تۆكتى...

مانا بۇ نەچچە كۈندىن بۇيان قاسىماخۇن ئائىلىسىدە بولىۋاتقان جېدەل. بۇ ئىشقا سەۋەپ بولغان نەرسە ئەنە شۇ كومپيۇتېر. ھەي، بۇ يېزىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئانچە - مۇنچە ياخشىلانغاندىن بۇيان،

مانا مۇشۇنداق ئىشلار يۈز بەرگىلى تۇردى. قاسىماخۇن يېشىنىڭ چوڭلىقىغا قارىماي، پۇل خەجلەپ ئىككىنچى قېتىم ئۆيلەنگەن بۇ ئايالدىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى. بولۇپمۇ ھەر قېتىم «ھۇ قېرى، يارىماس، ھېلى بىكار كوچىغا چىقىپ سەن يارىماسنىڭ شەرمەندىسىنى چۇۋۇۋېتىمەن» دەپ قورقاق سالسا، جېنى چىقىپ، ئايالنىڭ ئېغىزىدا نىمە دىسە شۇنى ئېلىپ بىرىپ باساتتى. ھازىر بۇ ئۆيدە مەيلى ئىشلەتسۇن ياكى ئىشلەتمىسۇن يېڭى چىققان ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك بار. بۇنىڭدا يەنىلا شۇ رەيھانگۈلنىڭ توھپىسى زور - ئەلۋەتتە. دەسلەپتە كىر يۇيۇش ماشىنىسى مودا بولۇۋىدى، ئۇلارمۇ دەرھال ئالدى. بىراق بىر ۋاقىتلارغىچە ئىشلەتمەي تۇردى. رەيھانگۈل ئۇنى ئەتىۋارلىق بۇيۇم سۈپىتىدە مېھمانخانا ئۆينىڭ تۆرىگە تىزىپ قويدى. قىززىق، بىر قېتىم ئۇلارنىڭ ئۆيىگە چىققان بىر شەھەرلىك تۇققىنى بۇنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن كىيىن بۇ بىچارە نەرسىنىڭ تۇرار جايى ئامبار بولدى. تېلىۋىزورمۇ ئىككى قېتىم يېڭىلاندى. يېزىدا بىرىنچى بولۇپ ئايالللار موتسىكىلىتى مىنگەن ئايالمۇ دەل مۇشۇ رەيھانگۈل. مەھەللىدىكى گەپدانلار: «قاسىماخۇن ئايالىنى ھەرەمگە ھەجگە ئەۋەتكۈدەك» دەپ يۈرگۈدەك. ھەي، يېزا دىگەن شۇ نىمە گەپلەر چىقمايدۇ. بۇ يەردە شەھەردىكىدەك چىقىپلا باراي دىسە ساياھەت ئورۇنلىرى يوق. شۇ بارى - يوقى مەھەللە دوقمۇشلىرىدىكى كىچىك دۇكانلار. مانا بۇ يەرلەر دەل شۇنداق دۇنياۋى تېمىلارنىڭ مەركىزى...

بۇ قېتىملىق نەچچە كۈنلۈك جېدەلمۇ ئاخىرى رەيھانگۈلنىڭ غەلبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. قاسىماخۇن يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپتىكى بىر ئوقۇتقۇچى بالىنى بىللە ئېلىپ چۈشۈپ كومپيۇتېردىن بىرنى ئالدى. ئىش ئۇنىڭ بىلەنلا تۈگىسە مەيلى ئىدىغۇ. تورخانىلارغا كىرىپ ئۈگۈنۈپ قالغان بالىسىنىڭ جېدەل قىلىشى، رەيھانگۈلنىڭ قولىنى قايتا بىلىگە ئېلىشى بىلەن ئۆيگە تورمۇ تارتىلدى. مانا ئىش شۇنىڭ بىلەن باشلاندى...

2

دەسلەپكى كۈنلەردە قاسماخۇنغىمۇ بۇ نەرسە يېقىپ قالدى. بالىسى ھە دېگەندە ئۇنىڭغا تۇرلۇك يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بېرەتتى. لېكىن بارا - بارا ئۇ كىملەر بىلەندۇ پاراڭلىشىپ كېتىدىغان بولدى. تۇۋا، دەپ ھەيران بولاتتى قاسماخۇن. راستىنلا ئاخىر زاماننىڭ ئالامەتلىرى. بۇ زاماننىڭ باللىرى نىمە دېگەن تەلەيلىك. ئۇ بالىسىغا قاراپ زوقلىنىدىغان بولدى، لېكىن كېيىنچە ئەنسىرەيمۇ قالدى. چۈنكى ئوغلى ئەكبەر كىچىكچە شۇ نەرسە ئالدىدا ئولتۇرۇۋالىدىغان بولىۋالدى. شۇ سەۋەپتىن كۆزلىرى قىزىرىپ، كۈندۈزى مۈگدەپلا يۈرىدىغان بولدى. بالىسىنى بىر قانچە قېتىم بۇ ئىشتىن توسقان بولسىمۇ بىراق ئۇنۇمى بولمىدى. كۈندە ئۆيدە ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرغىلى بولمايدۇ - دە.

- خوتۇن، - دېدى بىر كۈنى ئۇ ئايالىغا.

- بالىغا گەپ قىلىپ قويمىساق بولمىغۇدەك، ھازىر ئۇنىڭ ئوقۇيدىغان ۋاقتى. قاراپ باقسام ئۇ كۈندە مەكتەپكە كېچىكىپ بارىدىغان بولۇۋالدى. مۇشۇنداق قىلىۋەرسە بىر كۈنى يامان يوللارغا كىرىپ قالمىسۇن.

- مەن نىمە قىلىپ بەرسەم بولىدۇ ئەمدى، - دېدى رەيھانگۈل.

- ئويىنىسۇن، بىلىپ قىلىڭ ئۇ دېگەن بىزنىڭ يالغۇز بالىمىز. سىزمۇ ھە دېگەندە ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىۋالماي، ئۇنى ئەركىنلىكىگە قويۇپ بېرىڭ.

- ھەي، مەن يامان گەپ قىلىۋاتامدىمەن، ئەكبەرمۇ مېنىڭ بالام، مەن ئۇنى يامان بولسۇن دەيدىمىمۇ! ؟ نىمانداق غەزەر ئۇقمايدىغان ئايالسەن.

- ھە، مەن نىمە بىلىمەن. ئەمدى شۇنچە يىل ئۆيدە تۇتۇپ مەن غەرەز ئۇقمايدىغان بولۇپ قالدىما؟ ئىسىت سەن قېرى ئوغرى بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن گۈلدەك ئۆمرۈم...

رەيھانگۈل بىردىنلا ھۆ تارتىپ يىغلاپ كەتتى. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن قاسماخۇنمۇ ئايالىنى بەزلەشكە باشلىدى.

- بولدى، بولدى، سىزنىڭ راست خوتۇن، مەن خاتا قىلدىم، نىمە قىلساڭلار مەيلى.

غەلبە قىلغان رەيھانگۇل شۇ كۈندىن بۇيان ئەكبەرنى تېخىمۇ ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتى. ئەكبەرمۇ بارا - بارا مەكتەپكە كېچىكىپ بارىدىغان ياكى بارمايدىغانلا بولۇۋالدى. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ مەكتەپتىن بىراقلا چېكىندى. ئەكبەر ئەمدى چوڭ بولۇپ قالغاچقا، باشتىكىدەك ئۆيدە ئولتۇرماس بولدى. بۇ ئىشتىن ئەنسىرەپ قالغان قاسىماخۇن بىر كۈنى ئايالىغا يەنە مەسلىھەت سالدى.

- قارا خوتۇن، ئەكبەر شۇنچە قىلساقمۇ مەكتەپتىن چىقۋالدى. بۇغۇ مەيلى دەپ تۇرساق، مانا ئەمدى كېچىلەپ ئۆيگە كىرمەس بولدى. بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالدىم.

- ئۆينىسۇن، ياشلىقىدا ئوينىماي نىمە ئىش قىلسا بولاتتى. ياكى سىزگە ئوخشاش كارغا كەلمەس بولۇپ ياستۇقنى قۇچاقلاپ ياتسا بولامتى.

- ۋۇي، ھە دىسىلا تولا يىغىرىمنى تاتىلىمىغىنا. مەن نىمە قىلدىم زادى. سىلەرنى خوشال بولسۇن دەپ قىلمىغىنىم قالمىدىغۇ بۇ ئۆيدە.

- ئەمدى ئۆزىمۇ قىلمىسىڭىز بولماس باشقا ئىشقا يارىمىغاندىكى...

- خەپ سىنى، بولدى بۇ گەپلەرنى دىيىشمەيلى. ئاۋۇ بالاڭغا دە، بۇنداق بىكار يۈرمىسۇن. ئۇنى شەھەردىكى بىرەر مەكتەپكە ئەكىرىپ بېرەيلى، شۇ يەردە ئوقۇسۇن بولمىسا.

شۇ ئىش ئۆتۈپ بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قاسىماخۇن ئەكبەر بىلەن مۇشۇ ئىش توغۇرىسىدا سۆزلەشتى. ئەكبەر «ئوقۇش» دىگەننى ئاڭلاپ ئۆنىمىغان بولسىمۇ، بىراق «شەھەردە» دىگەن گەپنى ئاڭلاپ قوشۇلۇپمۇ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاز كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دادىسى ئۇنى شەھەردىكى بىر مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. قاسىماخۇنمۇ ئېغىر بىر يۈكتىن قوتۇلغاندەك بولدى.

3

ئۆزۈن ياز كۈنلىرى ئۆتۈپ مانا قىش باشلانغىنىمۇ خىلى بولدى. يازچە ئىشتىن بوشىيالماي، ئۆز - ئارا مۇڭداشقۇدەكمۇ ۋاقتى يوق كىشىلەر مانا ئەمدى ئاشۇ مەھەللە دوقمۇشلىرىدىكى ھېلىقى كىچىك دۇكانلارنى ئاۋات قىلماقتا ئىدى.

بىر تۈرۈپلا قارىساڭ مۇشۇ سەھرالىقلارنى ئىشى يوق خەقمىكىن دەپ قالىسەن. شەھەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە كىشىلەر ئالدىراش يۈرگەن مۇشۇ ۋاقىتلاردا بۇلار ئۇنداق ئىشلاردىن مۇستەسنا.

بۇگۈنمۇ بۇ مەھەللىدىكىلەر مەھەللە دوقمۇشىدىكى ئايۇپ خېمىرنىڭ دۇكىنىغا يىغىلىشتى. لەقەمنى خىزىر قويىدۇ دېيىشىدۇ كونىلار. دۇكان خوجايىنىغا قويۇلغان بۇ لەقەم شەرتكە توشۇپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. دېمىسىمۇ ئۇ ئەتىدىن - كەچكىچە دۇكاننى ئېچىپ قويۇپ، ياز كۈنى بولسا دۇكان ئالدىدىكى لەمپە ئاستىدىكى كارىۋاتتا ياتاتتى. قىش كۈنى بولسا شۇ كارىۋاتنى چۈۋۈپ، دۇكان ئىچىگە قۇراشتۇرۇۋالاتتى. دېمەك، بۇ كارىۋات نەچچە يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭغا ھەمرا. مەھەللە قىزىقچىلىرى: «ئايۇپ خېمىر ئۆلسە، گۆرىگە شۇ كارىۋاتنى قويۇپ بېرىمىز» دەپ يۈرگۈدەك.

دۇكانغا بىر دەمدىلا مەھەللىنىڭ بىكار - تەلەپلىرى يىغىلدى. ئۇلار ئۆزۈن بىر تالادىن مۇخۇركا ياساشقاندىن كېيىن ئۇ يەردىن، بۇ يەردىن پاراڭغا چۈشتى.

- ھوي، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ - دېدى ھېزىم قۇلاق، - يېقىندا ئامېرىكىنىڭ باشلىقى بىزنىڭ يۇرتقا كەلگۈدەك.

- نەدىكى گەپنى قىلمىغىنا، مۇشۇنداق گەپلەرنى سەنلا ئاڭلامسەن، ئۇنىڭغا بۇ يەردە نېمە بار ئەمدى. - گەپ قاتتى تۇرسۇن قانجۇق.

- نېمە بولاتتى، ھېزىمنىڭ قېشىچە تازلىماي تۈرۈپ قالغان ئۆگزىسىنىڭ قارىنى تازلاپ بەرگىلى كېلەر ھەقچان. - دېدى تۇراپ غىت - غىت. دۇكاندا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق ئۇ بىرنىمە دەپ بۇ بىر نېمە دەپ، بىر - بىرسىنىڭ ئەيىبىنى كولاپ يۈرۈپ بىر نەچچە سائەتنى ئۆتكۈزدى. بىر چاغدا دۇكانغا رەيھانگۈل كىرىپ كەلدى.

- ھوي قاراڭلار، مەھەللىنىڭ گۈلى رەيھانى كىرىپ قاپتىغۇ بۇ يەرگە، ـ ئېغىزى ئىتتىك تۇراپ غىت - غىت رەيھانگۈلنىڭ كىرىشىگىلا ئۈلگۈرتۈپ توۋلاپ سالدى.

رەيھانگۈل ئۇلارغا بىر ئالايدى - دە، بىر كىلو ناۋات ئالدى. قانداق كىرگەن بولسا شۇنداق چىقىپ كەتتى. كەينىدىنلا گەپ باشلاندى.

- قاسىماخۇنغا ناۋات چاي دەملەپ بىرىپ ئىشقا سالاي دەپتىدە بۇ جادۇ.

- كىم بىلىدۇ ئۇ ناۋات چاينى كىمگە دەملەپ بىرىدۇ.

- مەن ئۇنىڭغا ئاخشاملىقتا بارىمەن، ناۋات ئەكىلىپ قوي دىگەن.

- ئەگەر سەن بارساڭ ناۋات ئەمەس، كالا تېزىكى بەرسە بولىدۇ.

- رەيھانگۈل بەرگەن كالا تېزىكىنى ناۋات ئورنىدا يەۋىرىدۇ بۇ تاز.

كۈلكە چاقچاق ئەۋجىگە چىقتى. كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتقان ئايۇپ خېمىر ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە ھوزۇر يوق. ئەگەر بۇ كىشىلەر بولمىغان بولسا ئۇ بۇ قىشنى قانداقمۇ چىقىرىلالايدۇ. شۇڭا ئۇلار قانچە ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلسىمۇ، دۇكان ئىچىنى پاسكىنا قىلىۋەتسىمۇ ئۇ ئانچە كايىپ كەتمەيدۇ.

- ھەي ئاڭلىدىڭلارمۇ، ـ تۇيۇقسىز گەپ تېمىسىنى يۆتكىدى تۇرسۇن قانجۇق.

- نېمىنى! ؟

- مۇشۇ قاسىماخۇننىڭ ئوغلى ئەكبەرنىڭ ئىشلىرىنى. بۇ بالا ئوقۇشقا چىدىماي چىقۇالغان ئەمەسمۇ؟ كۆزدە قاسىماخۇن ئايالىنىڭ يول كۆرستىشى بىلەن شەھەرگە ئەكىرىپ قويۇپتىكەن. ئۇ بالا ھازىر كونىدە ھېلىقىدەك جايلاردا يۈرگۈدەك دەيدىغۇ؟

- قانداق يەرلەردە دەيسەن؟ يا سەن قانجۇق بولغاندىن كېيىن شۇنداق جايلاردا ئۇچرىشىپ قالدىڭلارمۇ؟ ۋەيت...

- بولدى سۆزۈمنى بۆلمىگىنە. مەن ھەرقانچە بولسامۇ ئۇنداق يەرگە بارمايمەن. بىزنىڭ ماۋۇ خوتۇننىڭ ھېلىقى شەھەرلىك تۇققۇنىنى بىلىسىلەرغۇ. شۇنىڭ بالىسىمۇ ئاشۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن. شۇ بالا

دادىسىغا شۇنداق دەپ بىرىپتۇ.

- ما ئىشنى كۆرۈۋاڭ. مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام دېگەن شۇدە...

- دىمىسىمۇ قاسىماخۇن بىچارە بالىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ يامان ئۇگەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاۋۇ جادۇ ھە دىسىلا بالىسىنىڭنى راست قىلىپ شۇنداق قىلىپ قويدى.

ئۇلار بىر ھازاغىچە مۇشۇ توغۇرسىدا پاراڭ سېلىشىپ چۈش بولغاندىن كېيىن ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

4

ئەكبەرنىڭ شەھەرگە كەلگىنىمۇ مانا ھەش - پەش دېگۈچە يېرىم يىل بولدى. بۇ يېرىم يىل ئۇنىڭ ھاياتىدا زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى. ئۇ كىرگەن مەكتەپ چارۋىچىلىق مەكتىۋى بولۇپ كەسپىي مول دوختۇرى ئىدى. «كالا تېزىكىگە گۈل قىسقاندەك» بۇ كەسىپ بۇنداق ئائىلىدە ئەركىن ئۆگەنگەن بالىغا خوش ياقىدۇ دەمسىلەر. ساۋاقداشلىرىغا قارىغاندا ئۇ يېزىدىن كىرگەن ھەممىنى بىلىشى كېرەك بولغان بالا. بىراق بىزنىڭ ئەكبەر نىڭ ھالى شەھەردىكى ئەنە شۇ پارنىك ئىچىدە ئۆسكەن «گۈللەر» دىمۇ ناچار ئىدى. دەسلەپ كىرگەن مەزگىللەردە ئۇ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ زاخلىق قىلىپ:

- ئەكبەر، نان نەدىن كېلىدۇ. دېگەن سۇئالىغا ئويلانماستىنلا:

- ناۋايخانىدىن. دەپ جاۋاپ بىرىپ ئۆزىگە مەڭگۈ ئۆچمەس «ناۋاي» دېگەن خىزىر قويغان لەقەمنى قويىۋالدى. بۇ غۇ يامان ئەمەس لەقەم. ناۋاي بولسا نېمە بولۇپتۇ. «ئوغرى»، «قانجۇق»، «ئېشەك»، «تاز»، «ماز» دېگەندەك غەلىتە لەقەملىرى بارلارمۇ ھېچنىمە بولماي ياشاپ كېتىۋاتىدىغۇ بۇ دۇنيادا. ئۇ دەسلەپ تىرىكتى. بولۇپمۇ قىز ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا بۇ گەپنى ئاڭلاشتىن نومۇس قىلدى. قىرىشقاندەك نېمىدىن قاچسا شۇ ئۇچراپتۇ دېگەندەك بىر قېتىم ياتاقدىشى سىنىپتىلا:

- ئەكبەر ناۋايخانىدىن نان ئەكىرىش نۆۋىتى ساڭا كەلدى، ـ دەپ

سالدى. بۇ گەپ ياغىنىڭ ئۈستىگە ماي چاچقاندەك بالىلارغا بولۇپ بەردى.

- ناۋايخانىغا چىقىپ، ئۆزەم ياقمەن دەپ تۇرىۋالما يەنە.

- بۇ نان ياقسا، دۇمبىسىگە شار باغلاپ تونۇرغا باش تىقسا بولىدۇ. بولمىسا چۈشۈپ كېتىدۇ.

- ئەگەر سەللا شامال چىقسا ناننى تۇتقان پېتى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ كەتسە ئەكبەر ناۋاينى ئىزدەپ يۈرىمىزكەندە.

- بىرنىڭ ئەكبەرمۇ بوش ئەمەس. مۇشۇ باھانىدە پۈتۈن شەھەرنى ئايلىنىپ نان سېتىپ پۇل تاپىدۇ - بۇ...

بۇ گەپلەرگە چىدىمىغان ئەكبەر سىنىپتىن چىقىپ كەتتى. ئائىلىدە تولىمۇ ئەركە ئۆگەنگەن بۇ بالىغا نىسبەتەن بۇ ئىشلار بىر ھاقارەتتەك تۇيۇلدى. شۇنداق كۆڭلىدە ئۇ ئوقۇماسلىقنىمۇ قارار قىلىپ قالدى. بىراق شۇ يېزىغا چىقىپ كېتىشنى ئويلىسىلا بېشى قاتاتتى. نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ يەرشەھەر. دەم ئېلىش كۈنلىرى ساۋاقداشلىرى بىلەن خالىغان يەرگە بارالايدۇ. نېمىنى قىلىمەن دېسە كۆزىگە كۆرىۋالىدىغان دادىسى يوق.

مۇشۇ يېقىندىن بۇيان ئۇ ياتاقتىكى شەھەرلىك بىر ياتاقدىشىنىڭ زورلىشى بىلەن تورخانىغا كىرىپ ئىككى قېتىم قونۇپ قالدى. زېرىكىپ كېتىپ ئاغىنىسى تۇتقان تاماكىنى چېكىپ سالدى. مانا شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭغا ئۈگۈنۈپ قالدى. دەسلەپ چەكمەسلىكنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ بىراق يەنىلا ئۆزىدىن ھالقىيالمىدى. نېمە بولۇپمۇ، تاماكا چېكىدىغان يالغۇز ئەكبەرلىمۇ. مەكتەپتىكى ئوغۇللارنىڭ كۆپچىلىكى تاماكا چېكىدۇ. تېخى ھاراقمۇ ئىچىدۇ.

بىر شەمبە كۈنى ياتاقتىكى بىر نەچچە بالا بازار ئارىلاشقا چىقىشتى. مەكتەپ شەھەرنىڭ سەل چېتىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇلار پەقەت مانا مۇشۇنداق دەم ئېلىش كۈنلىرىلا شەھەر ئىچىگە كىرەتتى. ئۇلار دەسلەپ كوچا ئايتوبۇسى بىلەن شەھەر ئىچىگە كەلدى. بىللە كىرگەن بالىلارنىڭ ئىككىسى كىتابخانىغا كىرمەكچى بولدى. ئەكبەرنىڭ بۇنداق يەر بىلەن تازا خوشى يوق بولغاچقا يەنە بىر ئاغىنىسى بىلەن بازار ئايلانماقچى بولدى. ئۇلارئايلانغاچ شەھەرلىك ياتاقدىشىغا تېلېفون قىلدى.

شەھەرلىك ياتاقدىشىمۇ ھايال بولمايلا يېتىپ كەلدى.

- ئەمدى نېمە قىلىمىز بالاڭزىلار، - دېدى مەكتەپتە مەن شەھەرلىك دەپ باشقىلاردىن ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتۇپ يۈرىدىغان لىكىن ئەكبەر بىلەن تولىمۇ يېقىن ئۆتىدىغان ساۋاقدىشى ئەسقەر.

- سەن مۇشۇ يەرلىك بولغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە سەن باشلايسەندە،

- دېيىشتى ئۇلار.

- ئۇنداقتا مەيلى، ماۋۇ خەلق مەيدانىنىڭ يېنىدىكى كىنوخانىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىنى بەك قالتىس بېزەپتۇ دەيدۇ. شۇ يەرگە كىرىپ چىقامدۇق.

- ئۇ يەردە نېمە قىلىمىز، - سورىدى ئەكبەر، - سەنمۇ باشلا دېسە ئايالالارنىڭ گىرىمخانىسىغا باشلىمىغىن يەنە.

- كىرگەندە بىلىپ قالىسەن يۈرۈڭلار.

ئۈچ ئاغىنە بىر تالدىن تاماكىنى تۇتاشتۇرغان پېتى خەلق مەيدانى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

شەھەرنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بۇ مەيداندىن قىش - ياز كىشىلەرنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەيتتى. بۇيەر ئەسلى بىر كىچىك باغچا بولۇپ بۇرۇن بۇ يەرگە كىرىش ئۈچۈن پۇل تۆلىنەتتى. لىكىن كىشىلەر ئىشىك باقارغا بىرىدىغان ئىككى مودىن قىچىپ باغچىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى رىشاتكىلەردىن ئاتلاپ چۈشەتتى. ئۇ چاغلاردىكى رىشاتكىلار قانداق دەيسىلەر. شۇ ئىسمىلا رىشاتكا. خۇددي ماۋۇ ھەسەنكامنىڭ گېپىدەك «تۇرسۇن تۇك ئىشىك ئالدىغا يوغان دەرۋازىدىن بىرنى قويۇپتۇ. بىراق ئۆيىنىڭ چۆرىسىدە ھارۋا قاتنايدۇ» دەپ زاڭلىق قىلىپ يۈرگەندەكلا بىر ئىش. دېمىسىمۇ مۇشۇ ئىش پۈتۈن يېزا بويىچە بىر مەيدان كۈلكە پەيدا قىلغان ئىدى. تورسۇن توختىنىڭ ئايالى مەننىساخان بىر قېتىم بىر چايغا بىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىسىل نەقىشلەنگەن دەرۋازىسىنى كۆرۈپ، تۇرسۇننىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ يۈرۈپ بۇ دەرۋازىنى قويدۇردى. ئۇ چاغدا تۇرسۇن تۇك تېخى ئۆيىنى يېڭىلا سالغان بولۇپ قورا ئەتراپىنى تولۇق ئېتىشكىمۇ ئۈلگۈمىگەن ئىدى. دېمەك، بۇنداق ئۆيگە كەلگەن ئادەم دەرۋازا ئېتىق

بولسا ئەلۋەتتە دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى تېخى ئېتىلمىگەن ئورۇندىن كىرىدۇ - دە. تۇرسۇن توك بىر قېتىم بىر هارۋا كۆمۈر چۈشۈرمەكچى بولدى. بىراق كۆمۈرچىنى باشلاپ كەلگەندە دەرۋازا ئېتىق. مەننىساخان قەيەرگىدۇر كەتكەن. كۆمۈرنى دەرۋازا يېنىغا چۈشۈرسە ئاۋارىچىلىق بولۇشىدىن ئەنسىرەپ ياندىكى يەردىن بىراقلا ئەكىرىپ كەتمەكچى بولدى. دەرۋازىنىڭ يان تېمىنىڭ يېرىمى يوق بولۇپ، تورسۇن قالغان يېرىمىنىمۇ ئۆرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن هارۋىكەشنى هېلىقى ئورۇندىن هارۋىنى هەيدەپ هويلىغا كىرىشنى بۇيرىدى. بۇنى شۇ مەھەللىدىكى بىر قانچەيلەن كۆرۈپ قىلىپ باشتا تىلغا ئالغان هېلىقى چىرايلىق سۆزنى قۇراشتۇرۇپ چىقتى.

مانا شۇنىڭغا ئوخشاش بۇ باغچىنىڭمۇ هالى شۇنداق ئىدى. قولى ئۇزۇن، دەرۋازىۋەنگە ئېچى ئاغرىغانلار، قىز دوستىنى يېتىلەپ كەلگەنلەر ئومۇمەن ياشتا چوڭلار ئىشىكتىن كىرەتتى. بالىلار ياكى مەستلەر نىڭ بولسا باغچا ئەتراپىدا مەخسۇس قاتنايدىغان يوللىرى بارئىدى.

كېيىن شەھەرلىك هۆكۈمەت بۇ يەردە ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردى. دەسلەپ بۇ يەرنى مەيدان هالىتىگە كەلتۈردى. پارچە - پارچە چىملىق، گۈللۈكلەرنى بەرپا قىلدى. مۇشۇ ئىشلارغا قاراپ هازىرقى كىشىلەرنى نورمال ئەمەسمىكىن دەپ قالىمىز بەزىدە. شۇنچە باراقسان ئۆسكەن مەجنۇنتال، قارىياغاچ، سۆۋادان قاتارلىق دەرەخلەرنى كېسىپ تاشلاپ، هازىر مەيداننىڭ ئۇ يەر بۇ يېرىگە سايىسى ئۆزىنىڭ تۈۋىنىمۇ ياپالمايدىغان، نەدىندۇر كىرگۈزگەن بىر نەچچە ئون تۈپ كۆچەتنى تىكىپ قويدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بۇ يەر كۈندە ئادەم ئەڭ كۆپ كېلىدىغان يەر. بىر قىسىم تىجارەتچىلەر مەيداننىڭ ئەتراپىغا تۈرلۈك دۇكانلارنى ئېچىۋالغان. مەيدان ئىچىگە بالىلار ئوينايدىغان تۈرلۈك ئويۇنچۇقلارنىمۇ ئورناتقان ئىدى.

بالىلار كىرمەكچى بولغان كىنوخانا دەل مۇشۇ مەيداننىڭ غەرپ تەرىپىدىكى شەھەر تېخى يېڭى بىنا بولغان مەزگىللەردە سېلىنغان روس ئۇسلۇبىدىكى ئىككى قەۋەتلىك كىنوخانا بولۇپ، بۇ يەرئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، ئەينى يىللاردىكى شەھەرنىڭ كۆزى بولۇش ئالاھىدىكى بىلەن

هازىرمۇ جەلپ قىلىش كۈچىدىن قالمىغان ئىدى. يېقىنقى ئىككى يىل ئىچىدە كىنوخانىنىڭ ئاستى - ئۈستى، ئىچى - سىرتتى قايتا رىمونت قىلىندى. خۇددي سەت قىز گىرىم قىلىۋالسا ئانىسىمۇ تونۇمىغاندەك شۇ بىر - ئىككى قېتىملىق ئوڭشاش بىلەن بۇ يەرنىڭ قىياپىتىدىمۇ زو ر ئۆزگىرىش بولدى. بىراق يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان بۇيەر مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ سەل دىققىتىنى تارتىپمۇ قالدى. ئاخلاشلارغا قارىغاندا بۇ يەردە ھەرخىل ئىشلار يۈزبەرگۈدەك...

ئۈچ دوست يولنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل كىنوخانا تەرەپكە ماڭماي مەيدان ئىچىنى ئايلانغاچ ماڭماقچى بولدى.

- ۋاي ياڭگاڭزا سەن چىقسا بولمايدۇ.
- پۇل تولىگەندىن كېيىن مەنمۇ بالام بىلەن چىقمەن.
- ھەي ساراڭمۇسەن بۇ دېگەن كېچىك باللارنىڭ ئوينايدىغان يىرى تۇرسا.
- نېمە بولۇپتۇ شۇنچە يوغان نەرسە مېنى كۆتۈرەلمەسما.
- ۋاي ياڭگاڭزا بولمايدۇ، بولمايدۇ...

مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان غايەت زور، يەل بىرىلگەن كىچىك باللار چىقىپ سەكرەپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇقنىڭ ئالدىدا بىر ئەر ئايالى بىلەن يوقارقىدەك ۋارقىرىشۋاتاتتى.

تازىمۇ سەمرىگەن، كاسىسىغا خۇددى ناسۇس بىلەن يەل بەرگەندەك كۆرۈنىدىغان بۇ ئايال ھەدەپ، بالامنى يالغۇز قويمايمەن بىللە چىقىمەن دەپ جىدەل قىلاتتى. خوجايىنمۇ گەپ يېگۈزەلمىدى. بىر چاغدا قانداق بولدى ئۇ ئايال غىپلا قىلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كەتتى. چىقىپلا بالىسى بىلەن قوغلاشماق ئوينىدى. ئۇ قاياققا ماڭسا بۇ غايەت زور مەخلۇق شۇتەرەپكە بېسىلاتتى. باللار ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشاتتى. ئايالمۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ ھە دەپ ئۆزىنى ئۇياق بۇياققا ئاتاتتى. خۇددي ئۆمرىدە بۇنداق يۇمشاق نەرسىنى كۆرۈپ باقمىغاندەك...

بىر چاغدا ئۇ ئۆزىنى بىر چەتكە ئېتىۋىدى بۇ مەخلۇقنىڭ بىر چېتىگە چىقىپ قالدى. ئۇنىڭغىچە بۇ مەخلۇق دەل شۇ ئايال بار تەرەپكە قاراپ

پەسلەشكە باشلىدى. ئۈستىدىكى باللارمۇ خۇددىي ئېگىز ئورۇندىن تۆۋەنگە سىرىلغاندەك ئايال بار تەرەپكە سىرىلىپ چۈشتى. ھەممە بىسىم بىر تەرەپكە چۈشۈشى بىلەنلا بۇ غايەت زور مەخلۇق ئاستا - ئاستا قىڭغىيىشقا باشلىدى. قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر بىردەمدىلا بۇ يەرگە يىغىلدى. دەسلەپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمىگەنلەر كېيىن ئەھۋالنى بىلىپ كۈلۈپ كېتىشتى.

ئۈستىدە بالىسى بار ئاتا - ئانىلار ھەدەپ ھېلىقى ئايالنى تىللىماقتا ئىدى.

- ھوي قانداق ئايالسىز. نومۇس قىلماي باللار ئويۇنچۇقىغا چىقىۋالغىنىڭىز نېمىسى.

- مۇشۇ يوغان كاسسىلىرى بىلەن سىزنىڭ ئاستىڭىزغا چۈشۈپ قالغان پولات بولسىمۇ مىجىلىپ كەتكەن بولاتتى.

- قاتتىق يەردە يېتىپ زېرىكىپ كەتكەن نېمە ئوخشايدۇ بۇ.

- ئاۋۇ ئېرىنىڭ ھالىغا ۋاي بۇنىڭ. قاراڭلار ئېرى بىچارىنىڭ بولۇپ قالغىنىنى.

- ۋاي ھېلىمۇ تىرىك يۈرگىنىگە شۈكرى دەڭلا.

- ۋاي خېنىم مەن نېمە شۈكرى دېگۈدەكمەن. يا ئۇ مېنىڭ بولمىسا...

بىردەملا بۇ ئىككى ئايال جىدەللىشىپ كەتتى. نومۇسقا چىدىمىغان ھېلىقى ئەر مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئايالنى ئالدىغا سالدى، دە بۇ يەردىن ئاستا كەتتى.

باللار بۇ مەنزىرىگە قاراپ تازا كۈلۈشتى. ئۇلار شۇ كۈلگىنىچە كىنوخانا ئالدىغىمۇ كېلىپ قالدى.

- ھاي قاراڭلار، بىرىنچى قەۋەتتە كىنو قويۇلىدىكەن. كىنو كۆرۈپ چىقامدۇق، ـ سورىدى ئەكبەر ئاغىنىلىرىدىن.

- بولىدى، بولىدى ئۇ يەرگىمۇ كىرىمىز، ھازىر بىز ئالدى بىلەن ئۈستىگە چىقىپ باقايلى. ئۇلار ئۈستىگە چىقىپ كىتىۋاتقاندا يېشى ئوتتۇزلاردىن ھالقىغان ئىككى ئايال ئۇلارغا پەلەمدە ئۇچراشتى ھەمدە بۇ

ئۈچ بالىغا ئاچكۆزلۈك بىلەن قارىۋەتكەندىن كېيىن تۈۋەنگە چۈشۈپ كەتتى. ئەكبەرنىڭ ۋۇجۇدىنى تۇيۇقسىز تىترەك باسقاندەك بولدى. شۇنىڭدىمۇ ئاغىنىلىرىگە ئەگىشىپ ئۈستىگە چىقىپ كەتتى.

## 5

بۇگۈن ئايۇپ خېمىر دۇكاننى تولىمۇ كىچىككىنە ئاچتى. ئالىلبۇرۇن كېلىپ بولغان بىر قانچەيلەن ئايۇپ خېمىرنى ساقلىغاچ تاماكا چېكىشكەچ پاراڭغا چۈشكەن ئىدى.

- ھەي بۇيىل قىش بەكمۇ قاتتىق كەلدى، - دېدى تۇراپ غىت - غىت قوللىرنى ئۇۋۇلىغىنىچە.

- ئاڭلىسام يوقىرىدىن نامرات ئائىلىلەرگە كۆمۈر كەپتۇ دەپ ئاڭلىدىم. سېنىڭ ئىنىڭ دادۈيدە سېكرىتار بولغاندىن كېيىن كۆمۈرنى جىق چۈشۈرۈپ بەرگەندۇ ساڭا، - گەپ تەشتى تۇرسۇن قانجۇق.

- ھازىر كىمنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى باشلىق بولسا، جاھاننىڭ خوجايىنى شۇ دېگەن گەپ.

- بۇ يەنە غىتىلداپ ئۆيدە ئولتۇرماي مۇزلاپ كەتكەن نىمە...

دېمىسىمۇ بۇيىل قىش يىللاردىكىگە قارىغاندا خېلىلا قاتتىق كېلىپ، مەن - مەن دېگەنلەرنىمۇ تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق يوقىرىدىن كەلگەن كۆمۈرنى كىملەرگە تارقاتقانلىقى، كىملەرنىڭ قايسى باشلىق بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقى، كىمنىڭ بانكىدىن قانچىلىك پۇل قەرز ئالغانلىقى ھەققىدە قىزغىن پاراڭلاشماقتا ئىدى.

- ئاڭلىدىڭلارمۇ، - دېدى تۇرسۇن قانجۇق خۇددى ئاجايىپ بىر يېڭىلىقنى بايقىغاندەك. - تۈۋەنكى مەھەللىدىكى ناسىر كامنى تونۇيسىلەرغۇ؟ شۇ خۇددى بانكىدىن ئالغان پۇلنى قايتۇرمايدىغاندەك بۇلتۇر 25مىڭنى بىراقلا ئاپتىكەن بۇيىل قايتۇرالماي قاپتۇ. بانكىدىن ئادەم بىرىپ نەچچە قېتىم سۆيلەپتۇ. ئاخىرى بولماي مۆھلەت توشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېزىپ بەرگەن ھۆججىتى بويىچە ئائىلىسىدىن پۇلغا

يارايدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىپتۇ دەيدىغۇ؟

- مۆشۈ خەققە نىسى بەرسە ئامرىكىنىمۇ ئېلىشتىن يانمايدۇ، جۆمۆۋۇڭلار. ناسىركامغىمۇ پۇلنى ئېلىش بىلەنلا ئىش چىقىپتۇ. ھېلىقى مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوغلى قىز ئېلىپ قېچىپتۇ. پۇلنىڭ يېرىمىدا شۇنىڭ توينى قىلغان گەپ.

- ئۇنى مەنمۇ ئاڭلىغان، - گەپ قاتتى تۇراپ غىت - غىت، - ئايالى دېگەن مېكىجىن باشقىلاردىن قالامتىم دەپ ئورۇق - تۇققان، خوشنا - قولۇملىرىنىڭ ھەممىسىگە تويلۇق نەرسە ئاپتۇدەك. بىچارە ناسىركام قانچە قىلغان بىلەنمۇ يەنىلا شۇ ھازازۇلنىڭ ئېغىزىغا قارىغان گەپ. بىچارە ئەلمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئامالسىز بۇ ئىشلارغا قوشۇلۇپتۇ.

- يېڭى ئالغان كىلىنىنىڭ ئايىقى ياراشمىدىمۇ، تويدىن ئانچە ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئوغلى قاتناش ۋەقەسىدە يارىلاندى. پۇلنىڭ يېرىمى شۇ يەرگە كەتتى. مانا بىچارە ھازىر ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ.

- ھازىرغۇ ئادەملەر بانكىدىن ئالغان پۇلنى نەگە ئىشلىتىشنى بىلمەي پۇل ئالىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. خۇددي مەن سەندىن قالامدىم دېگەندەك قىلىپ بانكىنىڭ ئالدىدا ئۆچىرەت ئادەم...

- خۇددي كاۋاپچىنىڭ ئالدىغا تىزىلغاندەك دېگىنە...

- بىكارغا نەرسە تارقاتقاندەك...

ئۇلار شۇنداق پاراڭلار بىلەن تورغاندا يىراقتىن ئايۇپ خېمىر كۆرۈندى. بۇگۇن ئۇنىڭ كەيپىياتى ئانچە ياخشى ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇ ئىككى يېنىغا لوڭ - لوڭ دەسسىگىنىچە دۇكان ئالدىغا يېتىپ كەلدى.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، - سالام قىلدى ئۇ كۆپچىلىككە.

- ۋۇي خېمىر، بۇگۇن كېچىكىپ كەتتىڭغا. تونۇر تەييار بولغىلى نەۋاق. سېنىلا ساقلاپ قالدۇق.

- كېچىككىنىڭگە قارىغاندا ئاخشام يەڭگەم خېمىر تۇرۇچنى ئاز سىلىپ قويغان ئوخشىمامدۇ.

- ياقەي، قارىغاندا بۇنىڭغا ئۆزىمىزنىڭ يەرلىك خېمىرتۇرۇچنى ياراتماي، ئاۋۇ پاكىستاننىڭ ئىچىتقۇسىنى سالغان گەپ. شۇڭا مۇشۇنداق

بولۇپ قاپتۇ.

- ئاشلىسام ئاخشام يەڭگىمىز خېمىر تۇرۇچنى تازا سىلىپ يەنە ئېچىماي قالمىسۇن دەپ ئۆزىنىڭ ئەسلى كۆينىكى بىلەن ئوراپ كېچىچە ئاستىغا باستۇرۇپ ياتتى دەيدىغۇ.

كۈلگە كۆتۈرۈلدى. بۇنداق كۈلكىلەرگە، لەقەمنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ چاقچاق قىلىشلارغا ئۇ كۆنۈك. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ بۇلاردىن باشقا يەنە نېمىسى بار. باشتا دېيىلگەندەك مۇشۇلار بولغاچقىلا ئۇنىڭ كۈنلىرى مەنىلىك. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا ئۇ دۇكاننىمۇ ئاللىبۇرۇن تاقىۋەتكەن بولاتتى.

ئۇلاردۇكانغا كىرىشتى. ئايۇپ ئاخشام مەشكە كۆمۈپ قويغان ئوتلۇقنى بىر چەتكە ئايرىپ ئېلىپ، مەشنى ياخشى تازىلىدى ھەم بۇلۇڭدىكى كومۇرخانىسىدىن كۆمۈر ئەكىلىپ مەشكە كۆمۈر سالدى.

- ماۋۇنىڭغا نېمە بولدى ئەمدى، - بۇرۇختۇمچىلىققا چېدىمىغان تۇرسۇن قانجۇق ئايۇپ خېمىرغا قاراپ دېدى، - راستىنلا تېخىچە ئېچىمىغان ئوخشىمامدۇ بۇ.

ئايۇپ ئاستا كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى - دە، موخۇركا خالتىسىدىن ئالدى بىلەن بىر تال موخۇركا قەغىزى ئالدى ئاندىن ئۈستىگە تاماكا سېلىپ ئالدىرىماي يۆگىدى. قىنىپ - قىنىپ ئىككى قېتىم تارتقاندىن كېيىن چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتى.

- ھەي، نېمىسىنى دەيسىلەر شۇ خوتۇن خەقنىڭ جېدىلى بولمامدۇ. نەدىن پەيدا بولدى بۇ قاتارچاي دېگەن. بىزنىڭ خوتۇننىڭ مەھەللە ئاتلاپ ئويناۋاتقان چايلىرى كۆپ. نەچچە قېتىم ئۇنىڭغا:

- ھالىمىزغا قاراپ ئىش قىلايلى. نېمە قويۇپتۇ ساڭا نەچچە يەردە چاي ئويناپ دېسەم:

- سارىگۈل قارىۋاي جىنىدا بەش يەردە چاي ئوينايدىكەن، مەن ئوينىسام نېمە بولۇپتۇ. دەپ ئەنە شۇنداق مەھەللە ئاتلاپ چاي ئويناۋاتىدۇ. تېخى ئالدىنقى ھەپتىلا بىر قېتىملىقىنى ئۆزاتقان. مۇشۇ ھەپتە ئېچىدە يەنە بىر مەھەللىدىكىلەر بىلەن ئويناۋاتقان چاي نۆۋىتى

ئۆنىڭغا كەپتۇمىش. بۇ قېتىمقىسىنى ئالدىنقى قېتىمدىكىدىنمۇ ياخشى قىلىپ بىرەرمىش، بولمىسا يۇزىگە سەتكەن.

- سېنىڭ ئايالىڭدىغۇ سەت بولغۇدەك يۇزمۇ يوق. شۇ بارى - يوقى ساپسېرىق چىراي.

- ئۇنى بىر دېمەڭلار. مۇشۇ خوتۇن خەقنىڭ ئىشلىرىغا ھەيرانمەن. تالاغا چىقسا ساپساقلا، بىر كۈن كەچكىچە بازار ئارىلاپ، چاي ئويناپ ھارمايدۇ، ئۆيگە كەلسە ۋايىيەي - ۋاي.

- قارىغاندا يەڭگىمىز سەندىن چىنىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟ - شۇ، شۇ بىرگەپ بار دېدىم. ئاخشام يەڭگەم يوتقاننى ئايرىم سالغان گەپ، شۇڭا سەن خېمىرغا ئېغىر كەپتىكەندە.

- بولدى قويۇڭلار، - ئايۇپ خېمىر ئېغىر ئۆزھ تارتتى.

شۇ ئارىدا دۇكانغا مۇشۇ مەھەللىلىك قاسىم ئىسىملىك بىرى كىرىپ كەلدى.

- كەل ئېشەك، - ئۇ دۇكانغا كىرىشىگىلا تەكلىپ قىلىپ ئۇلگۈردى تۇرسۇن قانجۇق. - قارىغاندا قورسىقىڭ ئەمدى تويغان ئوخشىمامدۇ سېنىڭ.

- بۇنىڭدا گەپ بارمۇ، - قاسىممۇ دەرھاللا كەلتۈردى، - يولدا بىر قانجۇق ئۇچراپ قالغان شۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ سالماي دەپ ۋاقتىدا كېلەلمىدىم.

دۇكاندا يەنە بىر قېتىم كۈلكە كۆتۈرۈلدى. توۋا، مۇشۇلارغا قارىساڭ بۇ يېزىدا لەقىمى يوق ئادەم يوقمىكىن دەپ قالىسەن. ئەگەر سىرتتىن بىرەرى كېلىپ بىرىنى ئىزدەپ قالسا لەقىمىنى بىلمىسە تاپالمايدۇ. بۇ توغۇرسىدا يېزىدا شۇنداق قىززىق بىر لەتىپە بار.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدە ھەممە ئادەم ھەتتا ئۆزىنىڭ سايىسىدىنمۇ قورقىدىغان بولۇپ قالغان چاغلار ئىكەن. بىر يىلى شەھەردىن بىر تۈركۈم كادىرلار يېزىلارغا خىزمەتكە چۈشۈپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە كۈن ئايلىنىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن قايتماقچى بولۇپتۇ. شۇ ئارىدا بىرىنىڭ قاپاق ئېلىۋالغۇسى كەپتۇ.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا قاپاقنىڭ ئۆرۈقى «تاتلىق كېسەلگە دورىمىش».

ئۇ كادىر مەھەللە ئارىلاپ كېتىپ بىرىپ بىرىيەردە ئولتۇرغان بىرنەچچە كىشىدىن سوراپتۇ.

- قەيەردىن قاپاق تاپقىلى بولار.

ئۇلار بۇ كىشىنىڭ تۇرقىغا قاراپ كادىر ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۇرۇپتۇ - دە، شۇ مەھەللىلىك «قاپاق» لەقەملىك بىر كىشىنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. ھېلىقى كادىرچاقمۇ ئۇدۇللا شۇ ئۆيگە كىرىپتۇ.

قارىسا بىر كىشى ئاغرىپ ياتقان. يېنىدا ئايالى ئولتۇرغان ئىكەن. كادىرچاق ئايالدىن:

- مەھەللىدىكىلەردىن سورىسام سىلەرنىڭ ئۆيدە قاپاق بار ئىكەن. بولسا بىرنى ئالاي دېگەن ئىدىم.

ئېشىنىڭ ئەسلىسىنى بىلگەن ئايال دەرھاللا جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ.

- نېمىسىنى دەيسىز ئۇكام بۇيىل قاپاق تازا ئوخشىمىدى، - دەپلا ئاغرىپ ياتقان يولدىشىنى كۆرسىتىپ دەپتۇ - قاپاقلارنىڭ چوڭى ئەنە مىجىلىپ ياتىدۇ، كىچىكلىرى تېخى پىشمىدى.

ھېلىقى كادىر دەرھال نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈپتۇ، ئىزدادىن ئۆلگۈدەك بولۇپ ئۆيدىن چىقىپ كىتىپتۇ.

ماۋۇ دۇكانغا كىيىن كىرگەن قاسىممۇ 35ياشقا كىرمەيلا تۆت قېتىم ئۆيلەندى. ئاخىرقى قېتىم ئالغان ئايالى ئۇنىڭغا ئەنەشۇ چىرايلىق «ئىشەك» دېگەن لەقەمنى ھەدىيە قىلىپ، ئۆيىگە بىر بىرىۋالغىنچە يېنىپ كەلمىدى. ئاتا - ئانىسى قانچە قىلسىمۇ ئۇ قىلچە كەلگىلى ئۇنىمىدى. نېمە ئىش ئىكەنلىكىنىمۇ دېمىدى. كىيىن بىر دوستىغا دەپ بېرىشىچە قاسىم بىلەن بىللە بولغاندا ماۋۇ ئىشەك ئايالى ھوشىنى يوقاتقىچە بولدى قىلماسىمىش. شۇنىڭ بىلەن ئايالى ئۇنىڭ بۇ ھايۋانى قىلىقىغا چىدىماي يامانلاپ كەتكەن ئىكەن. پاختىنىڭ ئىچىدە چوغنى ساقلىغىلى بولمىغاندەك بۇ گەپمۇ تېزلا مەھەللىگە تارالدى. شۇنىڭ بىلەن قاسىم مۇشۇنداق بىر چىرايلىق لەقەمنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى.

- ھە، قاسىم نېمە يېڭىلىقلار بار، - سورىدى ئايۇپ خېمىر تۈنجى قېتىم ئالدى بىلەن گەپ باشلاپ.

- يېڭىلىقلار سىلەردىن ئايلانسۇن، - دېدى قاسىم، - جاھاننىڭ يېڭىلىقىنى سىلەردىن ئاڭلىغىلى كەلدىم بۇ يەرگە.

- بۇ يەرگە نەدىن كېلىشىڭ زادى، - سورىدى تۇراپ غىت-غىت. - ئاڭلىسام يېقىندىن بۇيان قاسىمكامنىڭ ئۆيىگە تولا قاترايدىغان بولۇۋالدى دەيدۇ. ياكى قاسىمكامنىڭ ھېلىقى چىرايلىق سەتەڭگە كۆزۈڭ چۈشتىمۇ؟

- ئەمدى پۇراپ شۇ يەرنى تېپىپسەنده، ئۇ سەتەڭمۇ قىرى بىرىگە تېگىۋېلىپ تازا زېرىككەن گەپ. شۇڭا بىزنىڭ ماۋۇ قاسىمنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ بەگگىگە سېلىپ باققۇسى كەلگەن گەپ.

- ھاي بولدى گەپنى نەگە ئېلىپ كەتتىڭلار، - دەرھاللا ئۆڭدى قاسىم، - شۇ قاسىماخۇنكام ئۆگزىدىكى قارلارنى تازىلىشىپ بەرسەڭ دېگەن شۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە كۈن ئۇنىڭ مال قوراسىنىمۇ تازىلايمەن دەپ بىرىپ قالدىم.

- قارىغاندا قاسىمكام ئۆز ئۆيىدىكى ئىشەكلەرنىڭ ياتىدىغان يېرىنى ساڭا كۆرسىتىپ ئېچىدىن ئوت چىقىراي دەپتۇ-دە، - دېدى تۇرسۇن قانجۇق.

- شۇنداق، قاسىمكامنىڭ بىر قانجۇقى بۆرىدىن بىرنى كۈچۈكلەپتىكەن قاسىمكامنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ماڭا بۇ گۈينىڭ ئاتىسىنى تېپىشىپ بەرسەڭ دېگەن ئىدى نەچچە كۈن بولدى شۇنى ئىزدەۋاتىمىز.

دۇكاندا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

- ئۇنىڭ ھېلىقى چىرايلىق خوتۇننى كۆرگەنسەن، تايىنلىق ئۆز قولى بىلەن تاماق ئېتىپ بەرگەندۇ ساڭا.

- ئۇنىڭ ئۇ خېنىمىنىڭ ئۇنداق ئىشلار بىلەن ھالى يوقتەك تۇرىدۇ. مۈزلاپ كېتىپ ئۆيگە كىرسەم ئۇ چىرايلىق ھېلىقى نېمە دەيدۇ كومپيۇتىر دەمدۇ شۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، گەپ قىلىۋېتىپتۇ.

- كىمگە گەپ قىلىۋېتىپتۇ. كاللىسىدىن كەتمىگەندۇ ئۇ سەتەڭ، - قالغانلار تەڭلا ئاۋاز قوشتى.

- شۇ مەنمۇ دەسلەپتە بۇ ئايال ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ كاللىسىدىن كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. بىر چاغدا بېشىمنى سەل كۆتۈرۈپ قارىسام، يائاللا نېمىنى كۆردۈم دېمەمسىلەر، ھېلىقى نەرسىنىڭ ئىچىدە قاسىمكامنىڭ شەھەرگە ئوقۇشقا كەتكەن بالىسى ئەكبەر تۇرىدۇ.

- ۋاي ماڭا ئىشەك، - تۇراپ غىت - غىت دەرھاللا پەش قاقتى، - پو ئات دېسە شۇنچىمۇ ئاتامسەنەي، ئۇ قانداق قىلىپ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىۋالىدۇ. پۈتۈن سۇرۇك بىر ئادەم پاتامدۇ شۇنىڭ ئىچىگە.

- ئىشقىلىپ مەنمۇ بىلمىدىم. ئەكبەرمۇ خۇددىي راست ئادەمدەكلا كۈلۈپ تۇرۇپ گەپ قىلىۋاتىدۇ. ئانىسىمۇ ھە دەپ ئۇنىڭغا گەپ قىلدى.

- ئاخىر زامان بولىۋاتامدۇ نېمە. قارىغاندا بۇ رەيھانگۈلمۇ بوش ئادەم ئەمەسكەن جۇمۇڭلار. شۇڭا قاسىمكام ئۇنى ئەتىۋارلايدىكەندە.

- ئەلۋەتتە ئەتىۋارلايدىدە، قاسىمكام ئۇنىڭ يېنىدا ياتسىمۇ ئۇيقۇسى كەلمەس ھەقىچان ھى ھى

شۇ گەپ بولۇپ بىركۈن ئىچىدىلا مەھەللىدە يېڭى بىر پاراڭ تارقالدى.

6

ئۈچ دوست پاراڭ سالغاچ كىنوخانىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىقتى. كىنوخانىنىڭ بۇ قەۋىتى ھازىر يېڭىدىن قايتا زىننەتلىنىپ باشقىچە تۈسكە كىرگەن بولۇپ، تورخانا، ئېلىكتۇرۇنلۇق ئويۇنچۇقخانە، بىليارتخانە قاتارلىقلار سەپلەنگەن، ئادەم بەكمۇ كۆپ ئىدى.

ئۈچەيلەن بىليارت ئويناۋاتقانلارنىڭ يېنىغا كېلىپ بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. بىر تالدىن تاماكا چىقىرىپ تۇتاشتۇرۇشتى. ئۇنىڭغىچە بىر ئۈستەل بىكار بولدى. ئەسقەر بىلەن مەردان بىليارت ئويناماقچى بولدى.

- بولدى ئاغىنىلەر سىلەر ئويىنغاچ تۇرۇڭلار مەن ئاپام بىلەن

سۆزلىشىپ كىرەي. ـ دېدى ئەكبەر.

- سۆزلەشكىلىك بولسا مانا ئېلىڧون، مۇشۇ يەردىلا سۆزلەشكىن.

- ۋاي سەن تېخى بىلمەمسەن، ـ دېدى مەردان ھەييارلىق قىلىپ، ـ بىزنىڭ ئەكبەر ئانىسى بىلەن توردا كۆرۈشىدۇ.

- مۇنداق دەڭلار، قارىغاندا يېزىلىقلارنىمۇ بوش چاغلىساق بولمىغۇدەك.

ئەكبەر ئوڭ تەرەپكە جايلاشقان تورخانىغا كىرىپ كەتتى. بۇ تورخانا شەھەر ئىچىدىكى باشقا تورخانىلارغا قارىغاندا ئالاھىدە لاھىيلەنگەن بولۇپ، ئەسلىھەلىرىمۇ تولۇق ئىدى. يەككە ئورۇنلاردىن باشقا يەنە ئاشىق - مەشۇقلار ئۆيلىرى، ئارام ئېلىش ئۆيى تەسىس قىلىنغان، مەخسۇس يېمەكلىك ساتىدىغان پوكەيلىرىمۇ بارئىدى.

ئەكبەر تورخانا پۇل يېغىش ئورنىغا باردى. ئۇ يەردە چىرايلىق 17 - 18 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر قىز مۇلازىمەت قىلىۋاتاتتى.

- مەن تورغا چىقماقچى ئىدىم، ـ دېدى ئەكبەر ئارانلا

- ئايلىق مۇلازىمەت ئاچقۇزامسىز؟ ھازىر تورخانىمىز قۇربان ھېيتنى ئالدىن تەبرىكلەپ، بارلىق تورخۇمار دوستلار ئۈچۈن مۇشۇنداق ياخشى پۇرسەتنى چىقاردى.

- بۇ قانداق مۇلازىمەت ئەمدى، ـ قىزىقىپ سورىدى ئەكبەر.

- سىز ئالدى بىلەن بىرگە ئەزا بولىسىز، ئەزا بولۇش ھەققى ئېلىنمايدۇ. پەقەت كىملىكىڭىز بىلەن تىزىملانسىڭىزلا بولىدى. ئاندىن 50يۈەن پۇل تاپشۇرىسىز. مۇشۇ پۇل بىلەن بىر ئاي ھەقسىز تورغا چىقالايسىز. بىركۈندە قانچە سائەت تورغا چىقسىڭىزمۇ مەيلى.

- مەن ئوقۇغۇچى، ـ ئەكبەر راستىنى ئېيتتى، ـ مېنىڭ ئۇنداق تورغا چىقىش پۇرستىم يوق.

- ۋاي نېمە دېگەن ياخشى، ئۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى بولغۇدەك، بۇ يەرگە كىرىدىغانلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئوقۇغۇچىلار. سىز ئاچقۇزۇۋېرىڭ. شەمبە، يەكشەمبە كەلگەندە ئىشلەتمەمسىز. ئۇندىن باشقا بىر كۈندە بىر قېتىم ئۆزىڭىز خالىغان سوغۇق ئىچىملىكنى ئېلىپ

ئىچەلەيسىز.

ئەكبەر ئارتۇقچە تالىشىپ ئولتۇرۇشنى خالىمايلا كىملىكىنى سۈندى. قىزمۇ بۇنداق ئىشلارغا ئۆگۈنۈپ كەتكەندەك بىر قولدا تېلىفۇن كىملەر بىلەندۇر سۆزلىشىپ، يەنە بىر قولدا خۇددىي ئۆزىنىڭ كىملىك نومۇرىنى كىرگۈزۋاتقاندەك كىرگۈزۋاتاتتى. بىردەمدە ئىشلار پۈتتى. قىز پۇلنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بىر دانە كارتا بەردى - دە:

- كارتىنى ياخشى ساقلاڭ، ئىشلەتمىگەندە بىزگە قايتۇرسىڭىز بولىدۇ، - دەپ قوشۇپ قويدى.

ئەكبەر كەينى تەرەپتىكى بىر ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. كومپيۇتېرنى قوزغىتىپ، ئۆزىنىڭ كوت - كوت نومۇرىنى كىرگۈزۈپ ئاچتى. دېمەك، ئانىسىمۇ توردا بار ئىكەن. ئەكبەر ئانىسىغا ئىكران بىلەن سۆزلىشىش ئۇچۇرى ئەۋەتتى. بىراق قارشى تەرەپتىن قوبۇل قىلغانلىق ئۇچۇرى كەلمىدى.

بۇ ئاپامغا نېمە بولغاندۇ، قاربغاندا باشقا ئىش قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ. شۇنىڭ بىلەن بىردەم باشقا بىر ئويۇنلارنى ئوينىغاندىن كېيىن يەنە قايتا ئۇچۇر ئەۋەتتى. بۇ قېتىم قوبۇل قىلغانلىق ئۇچۇرى كەلدى.

- ئاپا، بۇ مەن ئەكبەر، - دېدى ئەكبەر.

- ۋاي بالام ئەكبەرمۇسەن، - باشقا بىر ئىش بىلەن بولۇپ قاپتىكەنمەن. كىرىپ قارىسام سەن دەپ بەرگەندەك ھېلىقىدەك رامكا چىقىپ تۇرىدۇ. سەن دېگەن يەرنى باسسام سەن كۆرۈنمىدىڭ. دائىم شۇ يەرنى باسسام سە ن كۆرۈنەتتىڭ. شۇنىڭ بىلەن ئەكبەرگە بىر ئىش بولمىغاندۇ دەپ ئەنسىرەپ تۇراتتىم.

- شۇ مەن بىر قانچە قېتىم ئۇچۇر قىلسام سەن قوبۇل قىلمىدىڭ. شۇڭا باشقا ئويۇن ئويناپ ئولتۇرغان ئىدىم.

- ۋاي بالام، سەن نەدە، كەينىڭدە نېمانداق كۆپ ئادەم ئۇ، قىزلار باردەك قىلامدۇ نېمە؟

- ئاپا، بۇدېگەن تورخانا بۇ يەرگە شۇنداق ئادەملەر كىرىدۇ.

- بالام، ئۇنداق ئادەم كۆپ يەرگە كىرمە، ئەنسىرەپ قالىدىكەنمەن. سېنى دائىم كۆرۈدىغان يەر ئەمەسقۇ ئۇ.

- بۈگۈن بالىلار بىلەن بازارغا چىققان. شۇ سېنى كۆرگۈم كېلىپ بۇيەردىن چىققان ئىدىم. بولدى ئاپا خوش دادامغا سالام ئېيتقىن. مەن كېلەر ھەپتىلەردە ئۆيگە چىقىمەن. ھە راست بىر قانچە ئاغىنەمنى ئېلىپ چىقىمەن، ياخشىراق تەييارلىق قىلىپ قويۇڭلار.

- ماقۇل بالام، خۇداغا ئامەنەت، خوش...

ئەكبەر ئانىسى بىلەن سۆزلىشىپ بولۇپ، بىر ئاز ئويۇنچۇق ئويىنىدى ئاندىن كومپيۇتېرنى تاقاپ، دوستلىرىنىڭ يېنىغا چىقتى. ئەسقەر بىلەن مەردان ئۇ يەردە يوق ئىدى. ئەكبەر ئايلىنىپ، ئېلېكتۇرۇنلۇق ئويۇنچۇقخانىغا كىردى. ئۇ ئىككىسى ئۇ يەردە تازا قىزىقىپ پىرقىراتما ئويۇن ئويناۋاتاتتى. ئەسقەرنىڭ ئالدىدا بىر مۇنچە پۇل تۇراتتى. قارىغاندا ئۇ ئۇتقاندەك قىلاتتى.

- كەل ئەكبەر، بىرلىكتە ئوينايلى، - دېدى ئەسقەر.

- مەن ئۇيناشنى بىلمىسەم. .

- ۋاي ئاداش مەنمۇ بىلمەيتتىم، - دېدى مەردان ئۇنى قىزىقتۇرۇپ، - مانا ئەسقەر ئۆگۈتۈپ قويۇدى بىردەمدىلا ئۇستا بولۇپ كەتتىم.

شۇنىڭ بىلەن ئەسقەر ئەكبەرگە قانداق ئويناشنى ئۆگەتتى. باشتا ئەكبەر سەل قىينالدى. قوللىرى تىترەپ شارنىمۇ توغرا تاشلىيالمىدى. ئەسقەر ئۇلارنى ئويۇنغا كىرىشتۈرۈپ قويۇپ «مەن سىرتقا چىقىپ كىرەي» دېگىنىچە بىر سائەت يوقاپ كەتتى. بىر چاغدا ئۇ كۆزلىرى خۇمارلاشقان ھالدا كىرىپ كەلدى-دە، ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلاپ، ئولتۇردى.

- ساڭا نېمە بولدى ئەمدى، ئۇزۇنغا يوقۇرگەندەك بولۇپ كېتىپسەنغۇ؟ - سورىدى مەردان.

- ھېچنېمە بولمىدى شۇ، بىر ئاغىنەم بىلەن كۆرۈشكىلى بارغان. كەلگۈچە سەل ھېرىپ قالدىم.

ئۇلار يەنە بىر ئاز ئويناپ قايتتى. شۇ ھەپتىدىن باشلاپ ئەكبەرلەر بۇ

يەرنىڭ دائىملىق خېرىدارى بولۇپ بولدى. تۆتىنچى قېتىم كېلىشىدە ئۇلار يەنە ئۆدۈللا ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى.

بۇ ئۈچ دوست ئائىلىرىدە تولىمۇ ئەركە ئۆسكەن باللار بولۇپ، پۇلنى ئايىماي خەجلەيتتى. ئۈچىلىسىنىڭلا ئائىلىسىدە ئانىلىرىنىڭ ھوقۇقى ئۈستۈن بولۇپ، ئۇلار خالىغان ئىشنى قىلالايتتى. مانا مۇشۇ تۆت ھەپتە ئىچىدە ئەكبەر مۇ بىر مۇنچە پۇلنى ھېلىقى پىرقىرايدىغان، يەنە ئالىلقاندەك ئوقتۇر بىر ئويۇنچۇقلارغا سىپلىپ بەردى. ئۇ ھەدېسىلا ئۆيدىكىلەرگە قاندۇرۇپ بىر ئىمتىھانلارغا تەييارلىق قىلىش، كىتاب سېتىۋېلىش دېگەنلارنى باھانە قىلدى. قاسىماخۇن بىلەن رەيھانگۈل ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن تولىمۇ خوشال بولدى. بالىمىز ئەمدى چوڭ بولۇپتۇدەپ پەخىرلەندى. دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا ئەكبەردىن باشقا نىمىسى بار. رەيھانگۈلمۇ بۇ يۇرتقا يات، ئىززەتلىك دېسە بىرمۇ يېقىنى يوق. ئاتا - ئانىسى بۇرۇنلا قازا قىلغان. قاسىماخۇننىڭ بىر ئىنىسى بولۇپ، ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىدى. يىللاردا بىر ئىززەتشىمىسە ئارىلىق يىراق بولغانلىقتىن ئۇنچە قويۇپ ئىزدىشەلمەيتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ بارلىقى، تايىنىشى مۇشۇ بىر تال بالىنىڭ ئىدى. ئۇ نېمە دېسە بىرىشكە تەييار ئىدى.

ئۈچ دوست بۇ قېتىم بىرئاز ئويۇنچۇق ئوينىدى. بىرچاغدا ئەسقەر يەنە سىرتقا چىقماقچى بولدى. ئۇ ھەر قېتىم كەلگەندە بىر ئامالار قىلىپ مۇشۇنداق ئارىلىقتا يوقاپ كېتەتتى.

- بىزمۇ بىللە چىقايلى. - دېيىشتى ئەكبەر بىلەن مەردان.

- مەن ھازىرلار كىرىمەن، - دېدى ئەسقەر بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، - بولۇپتۇ بىز بىرلىكتە كىنو كۆرۈپ چىقايلى بولامدۇ؟

ئۇلار بىرلىكتە تۆۋەندىكى قەۋەتكە چۈشۈشتى.

- سەن دائىم بىزدىن يوشۇرۇن كىنو كۆرەتتىڭكەندە. بۇنىڭ يوشۇرغىدەك نىمىسى بار ئەمدى. ياكى ھېلىقىدەك كىنولارمۇ - يە، - دېدى مەردان ھەيياردىق بىلەن.

- ياقەي، - دېدى ئەسقەر ئۆزىنى قاچۇرۇپ، - كىنو كۆرىدىغان

ئىش بولسا سىلەر بىلەن بىرگە كىرەمەتتىم. باشقا ئىش ئىدى. ئۇ بىلەتچى ئايالغا قاراپ:

- قېنى ھەدە بىزگە بىلەتتىن ئۈچنى بىرىڭ، - دېدى.

بىلەتچى 40 ياشلارغا تاقاپ قالغان ئايال بولۇپ، ئۇ ئەسقەرگە ئالىيىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن بىلەتتىن ئۈچنى بەردى. ئەكبەر بەرگەن پۇلنىڭ ئارتۇقىنىمۇ قايتۇرمىدى. ئەسقەر «بولدى» دېگەندەك قىلىپ دوستلىرىغا قارىدى. ئۇلار ئاستا كىنوخانىغا كىرىپ كەلدى.

كىنوخانا ئىچى قاپقاراڭغۇ بولۇپ سىرتتىن كىرگەن ئادەم دەرماللىققا ھېچنىمىنى ئىلغا قىلالمايتتى. ئىكراندا بىر ئايالنىڭ بىر ئەرنى قولىغا چەيدۇ ئېلىپ قوغلاۋاتقان، بىر قىز بىر ئوغۇلنىڭ ھېلىقى ئايالنىڭ كەينىدىن ۋارقىراپ تۇرۇپ يۈگرەۋاتقان كۆرۈنىشى چىقىۋاتاتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆزى بۇ موھىتقا كۆندى. شۇندىلا ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە كۆرۈنىشكە باشلىدى. كىنوخانە ئىچى پەلەمپەي شەكلىدە ئورۇنلاشقان بولۇپ بارا - بارا يوقۇرىلاپ باراتتى. ئۇلار ئۈستى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئەڭ ئۈستىدە ئورۇندۇقلار ئىككى كىشىلىك، ئۈچ كىشىلىك قىلىپ لاھىيلەنگەن بولۇپ، يەنە ئۈستىدە كىچىك ئۆيلەر بارىدەكمۇ قىلاتتى. ئۇلار ئۈچ كىشىلىك بىر ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. ئەكبەر شۇندىلا ئالدىغا قارىدى. شۇنچە چوڭ كىنوخانىنىڭ ئىچىدە ئادەم يوق ئىدى. بولۇپمۇ ئالدىدىكى بىر كىشىلىك ئورۇنلاردابىرمۇ ئادەم يوق ئىدى.

- بۇ كىنوخانىدا ئادەم يوققۇ، - دېدى ئۇ ھەيرانلىق بىلەن.

- كىنو كورىدىغانلار ئاساسەن بىزگە ئوخشاش ئارقىدا ئولتۇرىدۇ، - دېدى ئەسقەر چۈشۈنىكسىزلا.

ئۇلار بىر ئاز كىنو كوردى. شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئۈچ قىز كېلىپ ئولتۇردى. قارىماققا ئۇلار 25لەردىن ئاشقاندەك قىلاتتى. ئەسقەر ئۇلارغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

- سەن ئۇلارنى تونۇمسەن، - سورىدى مەردان.

- مەن نەدىن تونۇيمەن. شۇ قارىغانتى قاراپ قويدۇم. مەيلى

ئەمەسمۇ؟ قارىغانغا نېمە بولاتتى.

بىر چاغدا قىزلاردىن بىرى ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

- يېگىتلەر بىردەم پاراڭلاشقاچ بىرلىكتە كىنو كورمەمدۇق؟ - ئۇ ئەسقەرگە قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.

ئەسقەرمۇ دەرھاللاقوشۇلدى. ئۇلار ئىككىدىن بىر بولۇپ ئۈچ ئورۇندا ئولتۇردى. ئەكبەر ئوتتۇرىدىكى ئورۇندۇقتا بىر قىز بىلەن ئوڭ تەرىپىدە مەردان، سول تەرىپىدە ئەسقەر قىزلار بىلەن ئولتۇردى.

- ئىسمىڭىزنېمە، - سورىدى ھېلىقى قىز ئەكبەردىن.

- ئەكبەر، - دېدى ئەكبەر ئارانلا.

- مۇنداق دەڭ قارىغاندا سىلەر ئوقۇغۇچى ئوخشايسىلەر. ماڭا قاراڭ ئەكبەر ياخشى تونۇشۇپ قالدۇق، مېنىڭ ئىسمىم راھىلە، بۇندىن كېيىن ئارىلىشىپ ئۆتەيلى بولامدۇ؟

ئەكبەرنىڭ ماقۇل دېيىشكىمۇ مادارى يوق ئىدى. ئۇ نېمە ئىشلارنىڭ بولىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەي قالدى. ئەكبەر بۇرۇن بۇنداق يەرلەرنىڭ سەل قالايمىقانلىقىنى ئاڭلىغان شۇڭا بۇنداق يەرلەرگە كىرىشتىن قورقاتتى. بىراق، شۇنچە چوڭ كىنوخانىنىڭ ئىچىنىڭ يەنە كېلىپ ئاممىۋى بىر سورۇندا بۇنداق ئىشلارنىڭ بولۇشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى.

بىر چاغدا ئېكراندا تولىمۇ ناچار بىر كۆرۈنۈش كۆرۈندى. ئەكبەر ئاستا بىر چەتكە قارىۋالدى. لېكىن شەيتىنى يەنە ئېكرانغا قاراشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ ئاستا راھىلە ئىسىملىك بۇ قىزغا قارىدى. ئۇ خاتىرجەم ئولتۇرۇپ كۆرمەكتە ئىدى. كۆرۈنۈش يەنە ئالماشتى. بۇ قېتىمقىسى ئالدىنقىسىدىنمۇ ئۆتەر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئېكراندا بۇنداق كۆرۈنۈشلەر ئۈزمەي چېقىشقا باشلىدى. ئەكبەرمۇ ئېكرانغا قادىلىپلا قالدى. بىر چاغدا ئۇ قولىنى ئىسسىق بىر قولنىڭ سىيلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ قول ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىيلاشقا باشلىدى. ئەكبەرمۇ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. ئۇ نېمىمۇ قىلالىسۇن. قانداقلا بولمىسۇن ئۇمۇ بالاغەتكە يېتىپ قالدى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. ھېلىقى قول ئاستا - ئاستا پەسلەپ تۆۋەنگە چۈشتى. ئاجايىپ بىر خىل سىزىمدىن

ئۆزىنى يوقاتقان ئەكبەرنىڭ پۈتۈن ھوجۇدىنى بىر خىل ئىللىق سېزىم ئىگەللىۋالدى. ئۇ ھەدەپ ھاسىراتتى. قانداقتۇر بىر نەرسىگە ئۆزىنى ئۇراتتى. ئاز ۋاقىتتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كەلدى. شۇندىلا ئۇ كىيىملىرىنىڭ يېرىم سېلىنغان ھالەتتە راھىلەنىڭ ئۈستىدە ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۈدەرھاللا ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈردى ۋە ئاستىلا ئورنىدا ئولتۇرۇۋالدى. راھىلە خۇددىي ھېچنىمە بولمىغاندەك يەنە قانداقتۇر بىر لەززەتتىن مەھرۇم قالغاندەك ئورۇندۇقتا يۆلەنگىنچە ئولتۇراتتى. ئەكبەر ئىككى يېنىغا قارىدى. ئەسقەر بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈپ كەتكەندەك ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەپ ئىش بجىرىۋاتاتتى. ئۇ مەردانىغا قارىدى. ئۇمۇ كىيىملىرىنى كىيىۋاتاتتى.

- ئۈسساپ كەتكەنسىز سۇ ئىچىڭە، - بىر بوتۇلكا ئۈسسۇزلۇقنى تۇتقۇزۇپ قويدى راھىلە.

ئەكبەر خۇددىي چۆلدە قالغان يولۇچى تۇيۇقسىز سۇغا ئۇچراپ قالغاندەك تېنماي بىر بوتۇلكا ئىچىملىكنىڭ يېرىمىنى ئىچىۋەتتى. ئاندىن ئۇھ، دېگىنچە ئورۇندۇققا يۆلەندى. ئۇ نىمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ نىمە قىلغانلىقىنى پەقەتلا ئېسىگە ئالالمايۋاتاتتى. خىيالىدا غۇۋا بىر خىل سېزىم. بۇخىل ھالەت ئۇنى ھازىرمۇ غىدىقلاپ تۇرۇپتۇ. شۇ ئارىدا راھىلە ئۇنىڭغا بىر تال تاماكا تۇتتى. ئۇنىڭ ھېچنىمىنى ئويلاشقا مادارى يەتمىدى. تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ شوراشقا باشلىدى. لېكىن ئىككىنى شوراپلا يۆتىلىپ كەتتى. ئۇ تاماكا چېكىشنى باشلىغىلى خىلى بولدى. ئاساسەن ئۆگۈندى دېسەكمۇ بولىدۇ بىراق بۇ قېتىمدىكىدەك بولمىغان. ھەتتا يېغى چەككەندىمۇ بۇنداق بولمىغان. ئۇ بېشىنىڭ قېيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. قانداقتۇر بىر خىل سېزىم ئىچىگە تارقالغاندەك تۇيغۇغا كەلدى. ئۇ تاماكىنى ئاخىرى چېكىپ بولدى. شۇندىلا ئۇ ئۆزىدە باشقىچە بىر ھالەتنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. پۈتۈن بەدىنى خۇددىي قۇشتەك يەڭگىل بولۇپ كەتكەن ئىدى. ھېلىلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا قاراپ ئۇچىدىغاندەك قىلدى. ئۇ ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئىكرانىدا غۇۋا بىر كورۇنۇش يەنە

كۆرۈنگەندەك بولدى. يەنە شۇ ئايال، قولغا چەيدۈ ئېلىپ بىر ئەرنى قوغلىماقتا. بىر قىز، بىر ئوغۇل ھېلىقى ئايالنىڭ كەينىدىن نىملەرنىدۇر دەپ ۋارقىراپ يىغلىغىنچە يۈگۈرمەكتە. ھېلىقى ئايال چەيدۈنى كۆتۈرگىنچە ئەكبەر تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. بىر چاغدا ئىكران بارا - بارا ئەكبەرگە يېقىنلاشقاندەك بولۇپ ئۇ ئايال ۋارقىرىغىنچە يېقىنلاپ كەلدى. ئەكبەر دەرھال كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

7

مۇشۇ كۈنلەردە رەيھانگۈلنىڭ تۇرمۇشىغا يېڭى بىر مەزمۇن قېتىلدى. يەنى ئۇ تورغا مەستانە بولۇپ قالدى. ئەكبەر دەسلەپ ئوقۇشقا ماڭغان چاغلاردا ئۇ ئوغلىنى تولا ئويلاپ يىغلىدى. يىزا بىلەن شەھەرنىڭ ئارلىقى بەكمۇ يىراق ئۆنىڭ ئۈستىگە، باشقا جەھەتلەردە خېلىلا تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ بىراق قاتناش قولايسىز ئىدى. بۇ يېزىدىن شەھەرگە قاتنايدىغان پەقەت بىرلا ماشىنا بولۇپ ئەتىگەندە بىر قېتىم، كەچتە بىرلا قېتىم ماڭاتتى. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۇ بالىسىدىن تولا ئەنسىرەپ ھەپتىدە بىر، ھەتتا بەزىدە ئىككى قېتىم شەھەرگە كىرىپ چىقتى. ھەر قېتىم كىرگىنىدە قاسىماخۇندىن يوشۇرۇن ئەكبەرنىڭ يېنىغا پۇلمۇ سېلىپ قويدى.

بىر قېتىم ئەكبەر ئۆيگە چىققاندا رەيھانگۈل ئۆنىڭ كومپيۇتېردا بىر ساۋاقدىشى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. شۇئان ئۆنىڭ ئويىغا شۇنداق ئېسىل خىيالدىن بىرى كەلدى. ئۇ ئەكبەرگە بۇ ئويىنى ئېيتتى. ئەكبەر سەل تېخىرقاپ تۇرۇپ، ئاپىسىنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى ھەم ئاپىسىغىمۇ توردا سۆزلىشىش نومۇرىدىن (كوت - كوت) بىرنى ئېلىپ بەردى.

بۇ بىرھەپتە ئىچىدە ئۇ ئاپىسىغا كومپيۇتېرنى قانداق ئېچىش، تورغا قانداق چىقىش، كوت - كوتنى قانداق ئېچىشنى ئۆگەتتى. باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشۈشنى دائىم ئويلايدىغان رەيھانگۈلگە نىسبەتەن

بۇ قانچىلىك ئىش، ئۇ تېزلا ئۇڭەندى.

- ئاپا، مەن دائىم توردا بولمايمەن. شەمبە، يەكشەنبە كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن تورغا چىقساق بولىدۇ، شۇ چاغدا سەن بىلەن سۆزلىشەلەيمەن.

گەرچە بۇ ئىشلارنىڭ ئانچە زورۇرىيىتى بولمىسىمۇ، لېكىن رەيھانگۈل بۇنى قىترقىنىپ ئۇڭەندى. مۇھىمى ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇۋاتقانلاردىن بىر بالداق ئۈستىگە چىققاندەك تۇيغۇغا كەلدى. دېمەك، بۇ يېزىدا ئەمدى ئۇ بىردىنبىر كومپيۇتېربىلىدىغان ئائىلە ئايالى. ئۇ شۇلارنى ئويلاپ كۈلۈپ قويدى.

- ئەگەر بەك زېرىكسەڭ مانا ماۋۇ يەرنى ئاچساڭ بىر بەت ئېچىلىدۇ. بۇ يەردىن خالىغان يەرگە كىرىپ، خالىغان نەرسىلەرنى ئوقۇساڭ كۆرسەڭ بولىدۇ.

رەيھانگۈل گەرچە بۇلارنى چۈشەنمىسىمۇ لېكىن كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرسىلا ھەممىنى قىلىپ كېتەلەيدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ سورۇنلاردىكى قىياپىتىدە يېڭىچە ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ ھەدېسىلا كومپيۇتېر توغۇرسىدا گەپ قىلاتتى. تورغا چىققانلىقى، ئۇنىڭدىن كۆرگەنلىرىنى قېتىپ تۇرۇپ سۆزلەتتى. دۆلەت رەئىسلىرى ئارىسىدىكى ئۇچرىشىشى، قوراللىق ئېتىشىشلار، ئەتكەسچىلىك ئىشقىلىپ ئۇنىڭ قەدەم باسمىغان ساھەسى قالمىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بالىسى دەپ بەرگەن، ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرى يالغان ئىدى.

بىر شەمبە كۈنى رەيھانگۈل ئادەتتىكىدەك كومپيۇتۇرنى ئاچتى. ئۇ كۇت - كۇتنى ئەمدىلا ئېچىشقا قارشى تەرەپتىن ئۇچۇر كەلدى. ئۇ يېڭى يېزىقتا يېزىلغان بۇ خەتنى قىينالمايلا قۇراشتۇرۇپ ئوقۇدى.

«ياخشىمۇسىز ئاق ئەتىرگۈل، پاراڭلاشساق بولامدۇ».

لېكىن رەيھانگۈل خەت بېسىشنى بىلمەيتتى. ئۇ بۇنىڭ ئوغلى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى - دە دەرھاللا بالىسىنىڭ ئۇگۇنۇپ قويغىنى بويىچە خاتا دېگەن بەلگىنى بېسىپ ئۇچۇردى.

ئەكبەر بۇ نومۇرنى بىجىرگەندە ئاپتوماتىك ئەزا قوشۇش مۇلازىمىتىنى ئېچىپ قويغانلىقى ئۈچۈن رەيھانگۈلنىڭ بۇ نومۇرىغا نۇرغۇن ئەزا قوشۇلۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەم ئېلىش كۈنلىرىدە پۈتۈن كۈن توردا يۈرگەن بۇ «ئاق ئەتىرگۈل» كىمنىمۇ قىزىقتۇرمىسۇن.

بىر چاغدا يەنە قارشى تەرەپتىن ئاۋازلىق سۆزلىشىش تەكلىپى كەلدى. رەيھانگۈل بۇنى ئەكبەر دەپ ئويلىدى-دە، بالىسىنىڭ ئۆگۈتۈپ قويغىنى ھەم دائىم قىلىپ كېلىۋاتقان مەشغۇلات بويىچە قوبۇل قىلىش كۇنۇپكىسىنى باستى. ئېكران ئېچىلىش بىلەن ئېكراندا تولىمۇ كېلىشكەن قارىماققا 35-36ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ناتونۇش ئەر كۆرۈندى.

- ۋاي ئانام، سىز... سىز كىم؟ بۇ يەرگە نېمىشقا كىرىۋالدىڭىز، ئەكبەر بالام قېنى...

ئۇ يەنە نېمىلەرنى دەۋەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدى. قارشى تەرەپتىن يېقىملىق كۈلگەن ئاۋاز كەلدى.

- كەچۈرۈڭ «ئاق ئەتىرگۈل» ئارامىڭىزنى بۇزۇپ قويدۇم. سىز بىلەن تونۇشقانلىقىمدىن تولىمۇ خوشالمەن. قارىسام توردا بار ئىكەنسىز. شۇڭا ۋاقتى بولسا پاراڭلاشساق دېگەن ئۈمىدتە سىزگە ئۈچۈر قىلغان.

- سىز... سىز كىم...، - رەيھانگۈلنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى.

- كۆرمىدىڭىزمۇ مەن توردىكى ئاق كەپتەر.

- بۇ يەردە نېمە قىلىسىز.

- شۇ پەرۋاز قىلىپ كىتىپ بارسام، بىر يەردە تولىمۇ چىرايلىق بىر تۈپ يىگانە ئاق ئەتىرگۈل دىققىتىمنى تارتتى. كۆرۈپ باقاي دەپ كىرگەن ئىدىم. قارىسام بۇ يىگانە گۈل كۆكتە كۆرگىنىمدىنمۇ چىرايلىق ئىكەن. سىزدەك چىرايلىق خانىم بىلەن تونۇشقانلىقىمدىن خوشالمەن.

بۇ گەپلەر بىلەن رەيھانگۈلنىڭ بايىقى قورقۇنچلىرى سەل يوقىغاندەك بولدى. ئۇ ئېكراندىكى ئەرگە قاراپ باشقىچىلا بولۇپ قالدى. قەيەرلىرىدۇر بىر يېرى كۆيگەندەك، يۈتتۈرۈپ قويغان بىر نىمىسىنى قايتا ئۈچرىتىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كەلدى. ئاھ، شۇ قاملاشقان بۇرۇت، چاقناپ تۇرغان

كۆزلەر...

ئۇنىڭ تۇرۇپلا كۆڭلى بۇزۇلدى. رەيھانگۇل ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەتىۋارلىق بىر تاللا قىزى. ئۇلار ئەسلىدە شەھەر ئىچىدىن، دادىسى ئەمەت باي شۇ چاغلاردىكى تونۇلغان بايلارنىڭ بىرى بولۇپ. ئانىسى گۈلقەمەر خېنىممۇ تولىمۇ كېلىشكەن، خوش پېئىل ئائىلە ئايالى ئىدى. ئەمەت باي ئاساسەن روسىيە تەرەپلەرگە چىقىپ سودا ئىشى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئائىلىدە تۇرۇش ۋاقتىمۇ ئانچە ئۇزۇن ئەمەس، شۇڭا بۇ ئائىلىدە ئانا - بالا دائىم بىر - بىرىگە ھەمراھ بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتاتتى. كېيىن بىر قېتىملىق سودىدا قارشى تەرەپ ئەمەت باي ئەۋەتكەن نۇرغۇن مالنىڭ پۇلىنى ئەۋەتمەي قويدى. بۇنىڭدىن بەكمۇ تىت - تىت بولغان ئەمەت باي ئۆزى چەتكە چىقىپ كەلدى. لېكىن بىر ئايدىن كېيىن ساقاللىرى ئۆسكەن ھالەتتە سالپايغىنىچە قايتىپ كەلدى. دېمەك، ئۇ تاپالمىغانىدى.

شۇ قېتىملىق چىقارغان مالغا ئۇنىڭ بارلىق مەبلىقى سېلىنغان بولۇپ، مال تاپشۇرۇپ ئالغۇچى ئۇنىڭ نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان سودا قىلىشىپ كېلىۋاتقان خۇددى قېرىنداشلاردەك بولۇپ كەتكەن سودا شېرىكى ئىدى. كېيىن چەتئەلدىكى تونۇشلاردىن ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ بىر تاغلىقتىن تېپىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر كەلدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەمەت باينىڭ دېمى ئىچىگە ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆستىگە شۇ قېتىملىق سودىدا ئۇ يەنە باشقىلاردىنمۇ قەرز ئالغانلىقى ئۈچۈن بىراقلا يىقىلدى. ئۇ شەھەردىكى كاتتا ئۆيىنى سېتىپ قەرزنى تۆلىدى. قالغان پۇلغا مۇشۇ يېزىدىن بىر سىنىڭ ئۆيىنى ئېلىپ يېنىپ چىقتى.

ئەمەت باي بۇ يەرگە چىققاندىن كېيىنمۇ سودا قىلىشنى تاشلىمىدى. ئۇ ئەمدى ئىشنى باشتىن باشلاش ئۈچۈن يېزىدىن تېرە يۆتكەشكە باشلىدى. ئىشقىلىپ ئۇ شەھەرگە ئەكىرىپ پۇل قىلىشقا يارايدىغانلا نەرسە بولسا ئالدى. ئارىدىن بىر - ئىككى يىل ئۆتمەيلا ئۇ يەنە ھاللىنىپ قالدى.

رەيھانگۇل دەسلەپ بۇ يەرگە ئانچە كۆنەلمىدى. شەھەردە ئۆسكەن، كاتتا مەكتەپلەردە ئوقۇغان بىر قىزنىڭ بۇنداق يەرگە كۆنمىكى ئاسانمۇ!

لېكىن تۇرمۇش نېمىگە كۆندۈرمەيدۇ. ئۇمۇ باشتا ئانىسىغا قوشۇلۇپ يىغلىدى. كېيىن ئاستا - ئاستا كۆندى. ئۇ كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا ئۆزىنىڭ شەھەرلىك خاراكتېرىنى نامايەن قىلىپ، ھېچكىم بىلەن باردى - كەلدى قىلماي يۈردى. يېزىلىقلارئۇنىڭ مودا تۇرقىغا قاراپ ھەيران قالاتتى. بولۇپمۇ تەڭ ياشتىكى قىزلار ھەر قېتىم ئۇنى كۆرگەندە ئاستا ئۆزلىرىنى چەتكە ئالاتتى. ئۇ بىر ئەركىن قۇش، بۇ يېزا تەۋەسىدە يېگانە ئىدى.

مۇشۇنداق يېگانە بىرگۈلنىڭ شىخىغا بىر كۈنلەردە تويۇقسىز بىر قۇش كېلىپ قوندى ھەم تېزلا ئۇنىڭ مەيلىنى ئالدى. ئۇ بولسىمۇ مۇشۇ يېزىدىكى بىردىنبىر شەھەرگە كىرىپ ئوقۇغان يېزا بويىچە ئوتتۇرىھال سانىلىدىغان ئائىلىنىڭ بالىسى ئۆركەش بولۇپ، ئۆزى تولىمۇ قاملاشقان، بۇرۇتلۇق كەلگەن، خۇشچاقچاق بالا ئىدى. ئۇلار تېزلا چىقىشىپ قالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ، رەيھانگۈل تۇرمۇشى ئۆزگەردى. ئەمدى ئۇ ئانىسى «زىرىكىپ كېتىسەن، دوستى تۇت، بازارلارغا بىرىپ كەل» دەپ زورلىمىسىمۇ چىرايلىق ياسىنىپ كوچىدىن كىرمەيدىغان بولدى. ھەتتا سۇغىمۇ ئۆزى چىقىدىغان، يېزىنىڭ چېتىدىكى بۇلاقنى يىراق كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئانىسى قىزىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ دەسلەپ خۇشال بولدى. بىراق بارا - بارا ئەندىشىمۇ قىلىپ قالدى. چۈنكى ئۇ ئۆيىدىمۇ قانداقتۇر بىر ئاھاڭلارغا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. رەيھانگۈلمۇ 20ياشلاردىن ئېشىپ قالدى. شۇكۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە قىزنى سوراپ ئەلچى كىردى. ئەمەت باي بۇ تويغا قارشى چىقتى. تېخى بۇرۇنقى پېتىدىن چۈشمىگەن بۇ بايغا نىسبەتەن بۇنداق ئادەملەر بىلەن قۇدا - باج بولۇش توغرا كەلمەيتتى. لېكىن ئاز ئۆتمەي قىزنىڭ ھامىلدارلىقى مەلۇم بولدى. بۇ ئىزاغا چىدىمىغان ئەمەت باي رەيھانگۈلنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقاردى. بىچارە ئانا بىرتەرەپكە قارىسا ئېرى، بىرتەرەپكە قارىسا يالغۇز قىزى، ئىككىسى ئوتتۇرىدا كۆپ ئازاپ چەكتى. ئامالسىز قالغان رەيھانگۈل ئۆركەش بىلەن ئاددىلا توي قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىۋالدى. بۇ ئازاپلار ئېغىر

كەلدىمۇ ئەمەت باي ئورۇن توتۇپ يېتىپ قالدى. ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ كونا يېڭى ئەلەملەر قوشۇلۇپ ئەمەت باي بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى. ئۇنىڭ ئۆلمى رەيھانگۈلگە تولىمۇ ئېغىر كەلدى. لېكىن ئامال قانچە؟ بۇ دۇنيا ئەنە شۇنداق. ئادەم بىر كۈنلەردە كەلگەندە ئەنەشۇنداق يېقىنلىرىدىن ئايرىلىدۇ. بۇ بىر رېئاللىق. ئۇنى ھېچقانداق بەندە ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەس. «بالا كەلسە قوشلاپ كەپتۇ» دېگەندەك يەنە بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ، رەيھانگۈلنىڭ يولدىشى ئۆركەش شەھەرگە بىر قىتىملىق ساۋاقداشلىرىنى يوقلاپ كېرىپ - چېقىش باھانىسى بىلەن كېرىپ كېتىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن قاتناش ۋەقەسىدە قازا قىلغانلىق خەۋىرى كەلدى. ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن بۇ ئەلەملەر ئۇنى تۇگەشتۈرۋېلاۋەتتى. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ قېينئاتا - قېينئاپىلىرىنىڭ شۇنچە تۇتقىنىغا قارىماي ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يېنىپ كەلدى.

ئارىدىن ئىككى باھار، ئىككى قىش كېلىپ كەتتى. كۆڭۈلدىكى ئەلەملەرمۇ ئۇنتۇلغاندەك بولدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇ مەھەللىلىك، ئايالى ئاغرىپ تۈگەپ كەتكەن قاسىم ئىسىملىك بىر كىشى رەيھانگۈلنى سورىتىپ ئادەم كىرگۈزدى. بۇ رەيھانگۈلنىڭ ئەمدىلا 24لەردىن ئاشقان مەزگىلى بولۇپ، قاسىم ئۇنىڭدىن 16ياش چوڭ ئىدى. رەيھانگۈلنىڭ ئانىسى بۇتويغا قوشۇلمىدى. يېشىنى چوڭ كۆردى. دېمىسىمۇ رەيھانگۈلنىڭ تېخى ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىدى مەن - مەن دېگەن يىگىتلەرگە تەككۈچىلىكى بارەدە. بىراق رەيھانگۈل بۇ ئىشقا كەلگەندە ئارتۇقچە ئىپادە بولدۇرمىدى. كېيىن باشقىلارنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن ئۇلار بىر ياستۇققا باش قويدى.

ئۇلار توي قىلغان دەسلەپكى چاغلار قاسىمنىڭ 40ياشلارغا كىرگەن، تازا يېتىلگەن چاغلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ دەسلەپكى تۇرمۇشى يامان ئەمەس ئۆتتى. بولۇپمۇ ئوغلى ئەكبەر تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. مانا ئارىدىن 18يىل ئۆتتى. رەيھانگۈل ھازىر گەرچە 40تىن ئاشقان بولسىمۇ مودىلىقىدىن قالمىغان، ھېچكىم ئۇنى 40 ياشلىق ئايال دېمەيتتى. قارىغان كىشىگە ئۇ 35ياشقىمۇ بارمىغاندەك

تۈيغۇ بىرەتتى. لىكىن بۇ مەزگىللەردە قاسىم ئاللىبۇرۇن 60ياشقا يېقىنلاشقان، ئەينى ۋاقىتتىكى كۈچ - قۇۋۋىتى قالمىغان بولۇپ، ياشلىقتا بوي بەرمىگەن بۇ شاش يىگىت بارا - بارا ئېزىلىپ، پۈتلىرى تىترەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۆيدە ئاستا - ئاستا رەيھانگۈل يوقىرى ئورۇنغا چىقىپ قالدى...

- نېمە ماڭا قاراپلا قالدىڭىزغۇ؟ - رەيھانگۈلنىڭ قۇلىقى تۈۋدە بىرسى گەپ قىلغاندەك قىلدى. شۇندىلا ئۇ ئېسىنى سەل يىغدى. ئۇ ئىكرانغا قايتا قاردى. ھېلىقى ناتونۇش «ئاق كەپتەر» ئۆزىنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى. ئاھ، شۇ تونۇش بۇرۇتلار، قويۇق قاشلار...

- ھە ياق... ياق شۇ سىزنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. بالام چىغى دەپ قاپتىمەن، - رەيھانگۈل دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، شۇلارنى دېدى.

- مېنىڭ ئىسمىم زەينىدىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىسىدا ئىشلەيمەن. سىزنىڭ ئىسمىڭىزچۇ؟ بىلسەك بولامدۇ؟

- ھە، - رەيھانگۈل چۆچىگەندەك قىلدى.

- ئەدەپسىزلىك بولدى، دېيىشنى خالىمىسىڭىز دېمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

- ھە، سىز نېمە دېگەن ئەدىڭىز، - تېخىچىلا ئېسىنى يىغىپ بولالمىغان رەھانگۈل قايتۇرۇپ سورىدى.

- مەن ئىسمىڭىزنى بىلىشكە بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سورىغان ئىدىم.

- ئىسمىم رەيھانگۈل، ئۆزەم يېزىدىن بولىمەن.

- ۋوي مۇنداق دەڭ. قارىغاندا ھېچبىر يېزىلىق ئاياللاردەك قىلمايسىز. مەن دەسلەپ كۆرۈپلا قايسى ئىدارىدە ئىشلەيدىغاندۇ دەپ ئويلاپ قالغان ئىدىم.

- شۇنداقمۇ؟

- ئەلۋەتتە، يالغان ئېيتمىدىم. راستىنلا شۇنداق بولسا يېزىغا زايە كېتىپسىز جۇمۇ. راست ئوغلۇم بىلەن دېگەندەك قىلدىڭىز. ئوغلىڭىز نەدە؟

- ئوغلۇم شەھەردە ئوقۇيدۇ.

- مۇنداق دەڭ، قاراڭ بۇ ئىشنى، مانا ئەمدى ياخشى بولدى. ئوغلىڭىزنى كۆرگىلى كەلگەندە كۆرۈشۈپمۇ قالارمىز. ئەڭ بولمىدى دېگەندە دوست بولۇپ ئۆتسەكمۇ بولىدۇ.

- خوش شۇنداق بولسۇن. مېنىڭ ئازراق ئىشىم بار ئىدى.

- ماقۇل ئەمىسە، سىزنى توردا ساقلايمەن.

ئىكران ئۆچۈرۈلدى. ئارقىدىن زەينىدىن چىرايلىق بىر دەستە قىزىل گۈل ئەۋەتتى. بۇنى كۆرۈپ رەيھانگۈل تۇيۇقسىز كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىدە قانداقتۇر بىر خىل چۈشەنگىلى بولمايدىغان ھېسسىياتنىڭ قوزغىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدى. «تۈۋا، مەن نېمە بولدۇم، نېمە قىلىپ قويدۇم - ھە!» ئۇ شۇنداق دەپلا ئەتراپىغا ئەنسىزلىك بىلەن قارىدى - دە، كومپيۇتېرنى ئۆچۈردى.

8

مەكتەپ ياتاق بىناسى.

كارىۋاتتا تورۇسقا قاراپ چوڭقۇر خىيالغا كەتكەن ئەكبەرنىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىنى تەسۋۋۇر قىلماق تولىمۇ تەس. «مەن نېمە قىلىپ قويدۇم - ھە !» ئۇ ئازابلىق تولغىناتتى. قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلاتتى. بىراق بولغۇلۇق بولدى. بۇنىڭغا نېمەئامال؟ ئەمدى بولغان ئىشلارنى ئۆزگەرتمەن دەپمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شۇ كۈنى ماشار چاغدا راھىلە ئۇنىڭغا كېلەر ھەپتە يەنە كېلىشنى ئېيتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۇ يەردىن بالدۇرراق كەتكۈسى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەردانىنى چاقىردى. ئۇنىڭغىچە ئورۇندۇقتا سۇنايلىنىپ ياتقان ئەسقەرمۇ ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار بىرلىكتە كىنوخانىدىن چىقتى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە گەپ قىلىشقىمۇ رايى يوق. بىلەتچى ئايال ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم سەت ئالىيىپ قارىدى. ئەكبەر خۇددى بايىقى ئۇيياتلىق ئىشنى بۇ ئايال ئۈستىدە تۇرۇپ كۆرۈپ قالغاندەك قىزىرىپ كەتتى.

ئۇلار بۇ يەردىن ئۇزاپ چىقىپ، ئەسقەر ئۆيىگە، ئەكبەر بىلەن مەردان مەكتەپكە قايتتى. ماشىنىدا بارغۇچە ئىككى دوست بىر - بىرىگە گەپ - سۆز قىلىشمىدى. بۇگۈن شەمبە بولغاچقا ياتاقتىكى باللارنىڭ ئۆيىگە قايتقانلىرى قايتىپ كەتكەن، قېلىپ قالغانلىرى نەلەرگىدۇر كېتىشكەن ئىدى. ئەكبەر ئالدى بىلەن مۇنچىغا كىرىپ راسا قېنىپ يۇيۇندى. كەچتە تاماقنى بالدۇرلا يەپ ئۇخلاپ قالدى. بىراق كېچىچە قارا بېسىپ قالايمىغان چۈش كۆرۈپ ياخشى ئۇخلىيالمىدى. «نېمە دەپ ئۇ يەرگە كىرگەن بولغىدىم، بۇ ئىشلارنى باشقىلار بىلسە قانداق قىلارمەن، - ئۇ ئويلىغانسىرى ئۆزىدە بىر خىل خىجىللىق ھېس قىلاتتى، - ھېلىمۇ ھېچكىم كۆرمىدى. ئەسقەر بىلەن مەردانمۇ بۇ ئىشتا بار ئۇلارھەرگىز دېمەيدۇ. بولدى بۇندىن كېيىن ھەرگىز ئۇ يەرگە بارمايمەن.

ئۇ تۇرۇپلا قاتتىق بىر كىرىلدى. بەدىنىنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرى تارتىشقاندەك، كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولدى. يەنە تۇرۇپلا بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك ئۆياق - بۇياققا قارىدى. ئۇ يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ چەكمەكچى بولدى. بىراق يانچۇقىدا تاماكىسى يوق. قارىغاندا تۈنۈگۈنكى يەردە چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ. شۇندىلا ئۇ تۈنۈگۈن كەچتىن باشلاپ تاماكا چەكمىگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى.

ئۇ چاپىنىنىڭ يان يانچۇقىنى ئاقتۇرۇۋىدى ئۇچ تال تاماكا چىقتى. «بۇ نەدىن كەلگەن تاماكا زادى» ئۇئۇ ئاخىرىنى ئويلىماستىنلا بىر تالنى تۇتاشتۇردى. شۇندىلا ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە ئىللىق بىر سىزىم بېسىپ كىردى. تاماكىنى ھەر قېتىم تارتقاندا قانداقتۇر بىر يەرلىرىنى بىركىم سىيلاۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ خىيالىغا ھېلىقى راھىلە دېگەن قىز كەلدى. ئۇ پۈتۈن بەدىنى يالىڭاچ ھالدا ئەكبەرگە قاراپ ئاستا كەلدى. ئەكبەردەرھاللا كۆزىنى يۇمىۋالدى. ئۇ مۇشۇنداق يېرىم بىھوش ھالەتتە بىر سائەتتەك ياتتى. كەچتە ھېلىقى تاماكىدىن يەنە بىرنى چەكتى. ئوخشاش سىزىم. ئۇ خۇددي قالغان بىرتال تاماكىنى باشقىلار سوراپ سالمىسۇن دېگەندەك قىلىپ، ياستۇقىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدى.

ئىككى كۈن ئۆتۈپ، ئەكبەر پەقەتلا بولالماي قالدى. ئۇ ئىككى قېتىم

ئۆزىدە مۇشۇنداق سىزىم بولغاندا تاماكا چەككەندىن كېيىن ئۇخشىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان بىراق تاماكا تۇگەپ، ماگىزىندىن بىرقاپ تاماكا ئالغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئازابىنى باسالمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە تۈيۈقسىز بىر ئوي كەچتى. «ياق، ياق بۇ مۇمكىن ئەمەس، مەن ئۇ نىجىسقا ھەرگىز يېقىن يوللىمايمەن. ۋاي ئاللا نىمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم.

ئۇنىڭ يېنىغا ئەسقەر كەلدى.

- نىمە بولدۇڭ ئاداش، بىر قىسملا كۆرۈنىسەنغۇ؟

- شۇ ئاداش سەل مىجەزىم يوق. ياتاققا كىرىپ دەم ئالاي دەيمەن.

- ئۇنداقتا مەنمۇ سەن بىلەن كىرىپ كېتەي.

ئارلىقتىكى ئىككى سائەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىختىيارى تەجرىبە سائىتى بولۇپ، ئوۋلارتىزىملىكتىن ئۆتۈپ بولۇپ، سىنىپ ھەيئىتىگە ئەھۋالنى ئېيتىپ ياتاققا يىنىپ كىردى.

- قانداقراق تۇرىسەن، - سورىدى ئەسقەر.

- شۇ بىلمىدىم ئاداش، بىرىيەرلىرىم تارتىشقاندەكلا قىلىدۇ. كۆڭلۈم ئېلىشىۋاتىدۇ.

- نىمە بولۇپ شۇنداق بولغانسەن، - ئەسقەر ئەكبەرگەقارىماي تۇرۇپ سورىدى.

- بىلمەيمەن ئاداش، ھېلىقى كۈندىكى ئىشتىن كېيىن تۇرۇپلا شۇنداق بولۇپ قالدىم. شۇ يەرگە كىرگىنىمنى ئويلىسالا ئۆز - ئۆزەمدىن خىجىل بولىمەن. ئەمدى ئۇ يەرگە ئىككىنچى بارمايمەن.

ئەسقەر ئۇنىڭغا كۈلۈپ قاراپ قويىدى ھەمدە يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ تۇتتى. شۇ ئاريدا ياتاققا مەردانمۇ كىرىپ كەلدى.

- سىلەر ئەسلىدە بۇ يەردە ئىكەنسىلەردە، - دىدى ئۇ، - باشقىلاردىن سورىسام سىلەرنى ياتاققا كىرىپ كەتتى دىيىشتى. شۇڭا مەنمۇ يىنىپ كىردىم.

ئەكبەرنىڭ ئۇنىڭغا قاراشقا چولىسى يوق، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تاماكا چەكمەكتە. قانداقتۇر ئۇزۇن يىل يوقىتىپ قويغان نەرسىنى تۈيۈقسىز تېپىۋالغاندەك بىر خىل ھاياجاندا ئىدى.

- تاماكىدىن بىرنى بىرە، مېنىڭكى تۈگەپتۇ.

ئەسقەر دەرھال يانچۇقىغا قول سالدى. سالدىيۇ دەرھال تارتىۋېلىپ يەنە بىر يانچۇقىنى ئاقتۇردى. بىراق ئۇ يانچۇقىدا تاماكا يوق بولۇپ چىقتى.

- ۋوي نېمە بولدى ساڭا، - كۈلۈپ كەتتى مەردان، - تاماكىنى بايىلا ماۋۇ يانچۇقىڭغا سالغان، نەلىرىڭنى ئاقتۇرۇپ يۈرۈيسەن.

- ھە، ھە، شۇنداق، شۇنداق قارا ئۇنتۇپ قالغىنىمنى، - دۇدۇقلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى ئەسقەر. ئۇ يانچۇقىدىن ئاستا تاماكا قېپىنى ئالدى. ئۇنىڭ ئىچىدە تۆت تال تاماكا بار ئىدى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بىرنى مەردانغا سۇندى.

- ساڭا نېمە بولدى، بىرتال تاماكا سوراپ قويسام بوشاپلا كەتتىڭغۇ؟ تاماكاڭنى ساتمايدىغانسەن. مەردان شۇنداق دەپلا تاماكىنى ئېلىپ تۇتاشتۇردى. ئۇ تاماكىنى چەككەچ ئاستا ياستۇققا قىيسايدى. ئەسقەر شۇندىلا ئېسىگە كەلدى - دە، دەرھال ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن يەنە بىر نەچچە كۈن ئۆتتى. ئەكبەر بىلەن مەردان تاماكا خۇمارى تۇتسىلا ئەسقەردىن تاماكا سوراپ، تاماكا خۇمارىنى بېسىپ تۇردى. نېمىشقىدۇر پەقەت ئەسقەر بەرگەن تاماكىنى چەكسىلا ئۇلار خۇماردىن چىقاتتى. ئۇلار دۇكاندىن خىلى ياخشى تاماكىلارنى ئالغان بولسىمۇ بىراق ئېغىزىغا بىرقىسمىلا تېتىدى. يەنە بىر شەمبە يېتىپ كەلدى. ياتاقتىكى باللاردىن شەھەرلىك ئۈچ باللىنى ھېساپقا ئالمىغاندا قالغان بەشەيلەن قايتمىغان ئىدى. چۈشكە يېقىن ئەكبەرئۆزىنىڭ ئۆتكەن كۈنلەردىكىگە ئوخشاش بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭغىچە مەردانمۇ ياتاققا كىرىپ كەلدى.

- ئاداش نېمە بولغاندىمەن. مۇشۇ بىر ھەپتىدىن بۇيان بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىم. خۇددى بىر نەرسەم يېتىپ كەتكەندەكلا قىلىمەن. پەقەتلا تاپالمايۋاتىمەن.

- مەنمۇ شۇ ئاداش، - مەردان ئاز توختاپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، - كۆڭلۈم جايىدا ئەمەس. ساڭا دېيەلمەيۋاتىمەن ھېلىقى نىجىس جايغا

بارمىساقمۇ بولۇپتىكەن.

- ئۇنى بىردېمە ئاداش، ئويلىسالا قورقۇنچ باسىدۇ. تاماكىدىن بىرنى بىرە.

ئۇلار تاماكا ئېلىپ چېكىشتى. بىراق خۇمارى بېسىلماقتا يوق تېخىمۇ كۆچىيىپ كەتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ بەدىنى تارتىشقاندەك بولدى.

- خەپ ئەسقەر بولغان بولسا ياخشى بولاتتى. ئۇنىڭ تاماكىسى خۇمارنى باساتتى، - دېدى ئەكبەر.

پەقەتلا بولالمىغان مەردان ئەسقەرگە تېلېفون قىلدى.

- ئاداش ھېلىقى تاماكاڭنى قەيەردىن ئالغان ئېدىڭ. پەقەتلا بولالماي قالدىم. سىنىڭدە بولسا ھازىرلا يېنىڭغا بارايلى.

- مەندە تۈگىدى ئاداش، - دېدى ئەسقەر، - ئەگەر لازىم بولسا بار يېرىنى بىلىمەن.

- قايسى ماگىزىندا ساتىدۇ. ھېچبىر سىنىڭكىدەكنى تاپالمىدۇق.

- قايسى كۈندىكى بىز بارغان كىنوخانىغا بىرىپ ھېلىقى قىزلارنى ئىزدىسەڭلار شۇلاردا بار. بۇنداق تاماكىنى پەقەت شۇلاردا ساتىدۇ. مەنمۇ شۇلاردىن ئالىمەن. باشقا ئورۇنلاردا يوققۇ دەيمەن، - دېدى ئەسقەر مۇغەمبەرلىك بىلەن. شۇنىڭ بىلەن گەپ ئۈزۈلدى.

- نېمە دەيدۇ، - سورىدى كۆڭلى ئېلىشىپ تۇرغان ئەكبەر.

- ئاداش، قارىغاندا بىز يامان يولغا كىرىپ قالغان ئوخشايمىز. ئەسقەر بىزنى ھېلىقى قىزلارنىڭ يېنىغا بىرىڭلار دەيدۇ. ئۇ تاماكا شۇلاردىلا بارئىكەن.

ئەكبەرنىڭ بېشى قايغاندەك بولدى. دېمەك، باشتا ئويلىغىنى توغرا بولۇپ چىقتى. لېكىن بۇنى ئۇ پەقەتلا قوبۇل قىلالمىدى.

- مەن ئۆلسەممۇ ئۇ يەرگە بارمايمەن ئاداش، ئەگەر بىرىپلا قالساق تۈگەشكىنىمىز شۇ، - دېدى ئەكبەر.

ئۇلار شۇتەرىقىدە بىر ئاز ياتتى. لېكىن ھەر ئىككىسىنىڭلا ھالى خاراپ ئىدى. پەقەت چىدىيالمىغان مەردان ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

- ئاداش قارىغاندا بۇنىڭغا چىدىمايدىغان ئوخشايمىز. بۈگۈنچە بىر

بارايلى. كىلەر قىتىم قەتئىي بارمايمىز. ياتاققا ھازىرلا بالىلار كىرىدۇ، ئەگەر ئۇلار كىرىپ ئەھۋالىمىزنى كۆرسە گۇمان قىلماي قالمايدۇ.

ئەكبەرمۇ ھېچقانداق گەپ - سۆز قىلمايلا ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

9

ئەسقەر بۇ ئىشلارغا كۆنۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. بۇ قېتىم غەلبىلىك ئاساستا يەنە ئىككى ئاغىنىسىنى يېنىغا تارتتى. بۇرۇنمۇ شۇنداق بولغان. ئۇ مۇشۇ شەھەردىكى خېلىلا ھاللىق ئائىلىنىڭ يالغۇز پەرزەنتى. ئاتا - ئانىسى ئۇنى يالغۇز پەرزەنت دەپ كۆزىگە قاراپ چوڭ قىلدى. بىچارىلەرنىڭ ئۇنى تولۇق ئوتتۇرا يىللىققا چىقارغۇچە چەكمىگەن ئازاۋى قالمىدى. بولۇپمۇ بۇ جەھەتتە ئانىسى دائىم ئۇنىڭ تەرەپدارى بولدى. شۇ سەۋەپتىن دادىسى ھەر دائىم پاسسىپ ئورۇندا تۇرۇپ قالاتتى.

يازكۇنلىرىنىڭ بىردەم ئېلىش ئۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن باغچىغا بېرىپ، ئايلىنىپ كەلمەكچى بولۇشتى. ئەلۋەتتە قىزلارمۇ ھەمرا بولدى.

ئۇلار ئاپتوبۇس بىلەن شەھەرلىك خەلق باغچىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. خەلق باغچىسى شەھەردىكى بۇرۇنقى باغچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ پىلانلىشى ئاساسىدا بۇ يەرمۇ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان، باغچىغا كىرگەندىلا ئايلاندۇرۇپ كۆتۈرۈلمە شەكىلدە كۆلچەك ياسالغان، سۇ يۈزىنى نىلۇفەر گۇلىنىڭ كەك يوپۇرماقلىرى قاپلىغانىدى. ئۇلار ھەپكەندە بۇ يەردە رەسىمگە چۈشۈشتى.

بۇ يىل كىرگەندىن باشلاپ باغچىغا كىرىدىغانلار ئالدىنقى يىللاردىكىدىن كۆپەيگەنىدى شۇسەۋەپتىن باغچىمۇ ئۆز لايىقىدا تۈرلۈك ئەسلىھەلەرنى كۆپەيتتى. ھازىر باغچىدا بالىلارنىڭ تۈرلۈك ئويۇنچۇق تۈرلىرى ئاساسەن تولۇق، ھايۋانلار باغچىسىدا ئىلگىرى بىر ئىككى خىل ھايۋان بار بولۇپ ھازىر ئۇ ئىلگىرىكى «بەرسەڭ ياشايمەن، بەرمىسەڭ ئۆلىمەن» دېگەندەك ھالغا چۈشۈپ، قىرىپ ھالىدىن كەتكەن، ھەتتا مايمۇنغا لايىق قۇيرىقىمۇ يوق سەت قىزىل قۇڭ مايمۇنلار نىڭ ئورنىغا

باشقىلىرى ئالماشقان، ئۇندىن باشقا نۇرغۇن ئۇچار قۇش، ھايۋاناتلار قوشۇلغانىدى.

باغچىنىڭ كۆن پېتىش تەرىپى مەخسۇس ئەركىن ساياھەت ئورنى بولۇپ، بۇيەردە بىر قىسىم تىجارەتچىلەر تۈرلۈك يايمىلارنى ئېچىشقان، كىچىك ئاشخانىلار قۇرۇلغانىدى. بۈگۈن شەنبە بولغاچقىمۇ ئادەم شۇنچە كۆپ، باللىرىنى يېتىلىشىۋالغان ئاتا - ئانىلار ۋە باشقا ساياھەتچىلەر بىلەن ئاۋاتلىشىپ كەتكەن ئىدى.

ئەسقەرلەر ئالدى بىلەن تۈرلۈك قىزىقارلىق ئويۇنلارنى ئوينىدى. ھايۋانلارباغچىسىدىكى مايمۇننىڭ قىزىقارلىق ھەرىكەتلىرىنى قانغۇچە تاماشا قىلدى. بىراق باغچىدىكى يېڭى كەلتۈرۈلگەن ئاق توز چىرايلىق قۇيرۇقنى يايماي تۇرىۋېلىپ، ساياھەتچىلەرنى جىلە قىلماقتا ئىدى. قىزلارنىڭ بۇ ئاق توزنىڭ قۇيرۇقنى ئاچقاندىكى ھالىتىنى كۆرگۈسى ھەم رەسىمگە چۈشكىسى كەلدى. بىر چاغدا توز رەڭدار قۇيرۇقنى يايدى. قۇياش نۇرى بىلەن گىرەلىشىپ ئۇنىڭ رەڭدار قۇيرۇقى ئاجايىپ بىر مەنزىرە پەيدا قىلدى.

- قېنى ئەسقەر بىزنى بىر رەسىمگە تارتىپ قويىڭە، - ئىككى قىز ساۋاقدىشى تەڭلا ھېلقى ئاق توزنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۆتتى.

ئۇلار ئەنە شۇنداق ئىككىدىن، ئۈچتىن بولۇپ رەسىمگە چۈشتى. ئاخىرىدا ھەممىسى يىغىلىپ بىرپارچە رەسىمگە چۈشمەكچى بولۇشتى. بىراق ھەممىلا ساياھەتچى ئالدىراش بولۇپ بىكار ئەمەستەك قىلاتتى.

- رەسىمگە چۈشمەكچىمىدىڭلار، ئەكىلىڭ مەن تارتىپ قوياي.

تويۇقسىز ئاڭلانغان ئاۋازدىن ئەسقەر چۆچۈپ كەينىگە قارىدى. كەينىدە چىرايلىق بىر قىز كۈلۈپ تۇراتتى.

- سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇق.

- ھېچقىسى يوق. تورساممۇ بىكار تۇرىمەن شۇ، - دېدى قىزمۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

قىز ئۇلارنى كوللىكتىپ بىر قانچە پارچە رەسىمگە تارتىپ قويدى. ئۇ رەسىم ئاپاراتىنى ئەسقەرگە قايتۇرۇپ بەرگەچ ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا:

- مەنمۇ تونۇشۇمنىڭ مۆشۈك ھالىتىدە رەسىمگە چۈشۈشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. شۇ دوستلىرىم باشقا تەرەپكە كېتىپ قاپتۇ. ئۇلار كەلگۈچە ماۋۇ توز قويرۇقىنى يىغماي تۇرسا بولاتتى، - دېدى.

- كېلىشىڭ مەنىلا تارتىپ قوياي، - دېدى ئەسقەر ئارتۇقچە ئويلانماستىنلا.

قىزمۇ تارتىنمايلا تونۇشىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەسقەر ئۇقىزنى بىر قانچە پارچە رەسىمگە تارتىپ قويدى.

- رەسىمنى يۇيدۇرۇپ بولۇپ سىزگە بېرەي. راست سىزنى قانداق ئىزدىسەم بولىدۇ، - ئەسقەر سەممىي تەلەپپۇز بىلەن ئېيتتى.

- ئاۋارە بولماڭ، ماڭا تېلېفۇن قىلسىڭىز مەن ئۆزەم بېرىپ ئېلىۋالىمەن.

قىز چاققانلىق بىلەن يانچۇقىدىن قەلەم بىلەن تېلېفۇن خاتىرە دەپتىرىنى ئالدى - دە، تېلېفۇن نومۇرىنى يېزىپ، ئەسقەرگە تۇتقۇزۇپ قويدى.

شۇ ئىش بولۇپ بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئەسقەر رەسىملەرنى يۇيدۇرۇپ كەلدى. ئۇ شۇ كۈنىلا قىزغا تېلېفۇن قىلدى.

- ياخشىمۇسىز، سىز ئېلنۇرمۇ، مەن قايسى كۈنى باغچىدا سىزنى رەسىمگە تارتىپ قويغان بالا بولىمەن. بۈگۈن رەسىملەرنى يۇيدۇرغان ئىدىم. شۇ ئاپىرىپ بېرەي دېگەن. خاپا بولماي ئورنىڭىزنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىڭىز.

- سىز ھازىر قايسى تەرەپتە، - سورىدى قىز.

- مەن ھازىر شەھەرلىك خەلق مەيدانىنىڭ يېنىدىكى رەسىم يۇيۇش ئورنىنىڭ ئالدىدا.

- ۋوي ماڭا يېقىنلا يەردە ئىكەنسىزغۇ، مەن كىنوخانىنىڭ ئالدىدا سىزنى ساقلايمەن ئەمسە.

ئەكبەر يولدىن كېسىپ ئۆتۈپ كىنوخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. دېگەندەك قىز ئۇ يەردە ساقلاپ تۇراتتى.

- سىز بۇ يەردە ئىكەنسىزدە، قارىغاندا بازار ئايلانغىلى چىققان

ئوخشىمامسىز؟

- ياقەي، مەن مۇشۇ يەردە دۇكان ئاچىمەن.

ئىلنۇر رەسىملەرنى كۆرگەچ، ئۇنى دۇكانغا باشلاپ كىردى. بۇ مەخسۇس ئاياللار كىيىمى ساتىدىغان دۇكان بولۇپ، بۇ يەردە يەنە بىر قىزمۇ بار ئىدى.

- بۇ مېنىڭ ياردەمچىم، ئىسمى راھىلە. تونۇشۇپ قىلىڭلار، - ئۇ راھىلەگە قاراپ ئېيتتى، - راھىلە ھەدە، بۇ مەن ساڭا گېپىنى قىلىپ بەرگەن قايسى كۈندىكى بالا شۇ. راھىلە ئەسقەر گە قاراپ كۈلۈپ قويدى.

- سىز بىر يەردە ئوقۇمسىز؟ - سورىدى ئىلنۇر.

- شۇنداق مەن شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 2 - يىللىقىدا ئوقۇيمەن.

- ئەجەب ياخشى، مېنىڭمۇ شۇنداق ئوقۇش ئارزۇيۇم بار ئىدى. بىراق...

- نېمە بىراق، - ئەجەبلىنىپ سورىدى ئەسقەر.

- شۇ تولۇق ئوتتۇرىغا چىققاندا سالامەتلىكىم ياخشى بولماي بىر يىل مەكتەپتىن قالدىم. كېيىنكى يىلى بارغان بولسامۇ لىكىن دەرسكە قىينىلىپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئامالسىز ئوقۇشتىن چېكىندىم. كېيىن دادام ماڭا بۇ دۇكاننى ئېچىپ بەردى.

- سودىڭىز قانداقراق؟ - ئەسقەر قىزىقىپ سورىدى.

- دەسلەپكى ئاچقان چاغلارغا قارىغاندا ھازىر ياخشى بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە راھىلە ھەدەممۇ ماڭا يېقىندىن ياردەمدە بولۇۋاتىدۇ. راھىلە ھەدەمنىڭ دوستلىرى كۆپ، ئۇرۇمچىدە تۇرغان، شۇڭا مال كىرگۈزۈش، سېتىش قاتارلىقلاردا ئېپى بار.

ئەسقەر راھىلەگە قارىدى. قارىغاندا راھىلەئۇلاردىن نەچچە ياش چوڭدەك قىلاتتى.

- ۋوي، پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپتىمەن، مەن پۇلىڭىزنى بېرىۋېتەي. ئىلنۇر شۇنداق دەپلا سومكىسىدىن كىچىك بىر پۇل قاپچۇقنى ئالدى. ئىچىدىن يىگىرمە يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى ئېلىپ ئەسقەرگە تەڭلىدى.

- قېنى ئېلىڭ.

- ۋاي ئۇنداق قىلماڭ، مېنى يات كۆرۈۋاتامسىز نېمە ئىلىنۇر. ئىككى - ئۈچ پارچە رەسىم دېگەن قانچىلىك نەرسە ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بەرگەن پۇلىڭىز كۆپ ئىكەن. مەندە قايتۇرغۇدەك پۇلمۇ يوق.

ئۇلار شۇنداق بىر ئاز تالاشتى. ئاخىرىدا راھىلەنىڭ ئوتتۇرىغا كىرىشى بىلەن ئىلنۇر پۇلنى قايتا ھەميانغا سالدى.

- ئۆزەم توغۇرلۇقلا سۆزلەپ كېتىپتىمەن، سىزنىڭ ئائىلىڭىزدە كىملەر بار؟ نېمە ئىش قىلىدۇ، - سورىدى ئىلنۇر. سوراپ بولۇپلا ئورۇنسىز بىر سۇئال سوراپ قويغاندەك قىزىرىپ كەتتى.

- مېنىڭ ئۆيۈم يېقىنى تەرەققىيات رايونىدا، دادام سودىگەر، ئاساسەن چەت بىلەن سودا قىلىدۇ. ئانام بولسا بانكىدا ئىشلەيدۇ.

- مۇنداق دەڭ، شۇڭا پۇلنى ئاز كۆرۈپتىكەنسىزدە، - كۈلۈپ قويدى ئىلنۇر.

ئۇلار ئەنە شۇنداق پاراڭلار بىلەن بىر سائەتنى ئۆتكۈزدى. كېيىن ئەسقەر قايىتماقچى بولدى. قايتىش ۋاقتىدا راھىلە ئەسقەرگە:

- ۋاقتىڭىز بولسا يەنە كېلىپ تۇرۇڭ، قاچاندا كەلسىڭىز ئىلنۇرياكى مەن بار، - دېدى.

ئەسقەر ئۇلارغا خوش ئېيتىپ كېتىپ قالدى. شۇ ئىشتىن كېيىن ئەسقەر بۇ يەرگە يات - يات كېلىدىغان بولدى. كېيىنكى كەلگەنلەردە راھىلە بىلەنمۇ چېقىشىپ قالدى. راھىلەنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىرى ئەسقەرنى قىزىقتۇرۇپ قويدى. ئارىلىقتا ئىككى قېتىم ئۇلار بىلەن بىللە چىقىپ تاماق يېدى.

ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتتى. ئەسقەرتولۇق ئوتتۇرىنىڭ 3 - يىللىقىغا ئۆرلەش ھارپىسىدا تەتىلدىلا توختاپ قالدى. ئاتا - ئانىسى قانچە قىلسىمۇ مەكتەپكە بارغىلى ئۇنىمىدى. شۇ كۈنلەردە دادىسىنىڭ جىددى سودا ئىشى بولغاچقا ئۇنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلەلمەي قالدى.

بىر كۈنى ئەسقەر بازار ئارىلىغاچ يەنە دۇكانغا كەلدى. ئۇ بۇ يەرگە كەلمىگىلىمۇ ئۇزۇن بولغانىدى. دۇكاندا ئىلنۇر ئۆزى يالغۇز ئولتۇراتتى.

- ياخشىمۇسىز ئىلنۇر، ـ ئەھۋال سورىدى ئەسقەر، ـ راھىلەم ھەدىمىز كۆرۈنمەيدىغۇ؟

- راھىلەم ھەدەم ھازىر باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئويۇنچۇقخانە ئاچتى.

- ئورنى قەيەردە، ـ ئىتتىكلا سورىدى ئەسقەر.

- بۇ يەرگە يېقىن ماۋۇ كىنوخانىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە.

ئەسقەر ئىلنۇر بىلەن بىر ئاز پاراڭلىشىپ، بۇ يەردىن چىقتى - دە، كىنوخانىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىقتى. بۇ يەر ئۆزگەرتىلىپ، تورخانە، ئويۇنچۇقخانە، بىليارت قاتارلىقلار سەپلەنگەن بولۇپ ئادەممۇ كۆپ ئىدى.

ئۇ ئىلنۇرنىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە سول تەرەپتىكى ئېلىكتورۇنلۇق ئويۇنچۇقخانىغا كىردى. ئۇ باش مۇلازىمەت ئورنىغا بىرىۋىدى راھىلە كومپيۇتېردا بىر نېمىلەرنى قىلۋاتاتتى.

- ياخشىمۇسىز راھىلە، ـ ئەكبەرنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر ئۈنى ھەدە دېگۈسى كەلمىدى.

- ۋوي ئەسقەرمۇسىز، باركەنسىز ھە. سىزنى ئىزدەپ نومۇرىڭىزغا تېلېفون قىلسام بىكار قىلىندى دەيدۇ.

- شۇنداق، مەن بىر نەچچە ئاي بۇرۇنلا بۇ نومۇرنى ئۆزگەرتكەن ئىدىم.

- ئەسلى مۇنداقكەندە. بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ قاپسىز.

- بازار ئارىلىغاچ بۇ تەرەپكە ئۆتكەن، ـ ئەسقەر نېمىشقىدۇر دۇكانغا كىرگەنلىكىنى دېگۈسى كەلمىدى، - بۇ يەرنى يېڭى ئۆزگەرتىپ ياساپتۇ دەپ ئاڭلىغان شۇڭا كىرىپ كۆرۈپ باقاي دېگەن.

- ياخشى بولۇپتۇ. مەنمۇ بۇ يەردە ئىشلەۋاتقىلى خېلى بولدى. بۇ مېنىڭ يېقىن بىر تونۇشۇم ئاچقان يەر.

شۇ ئارىدا راھىلە بىلەن تەك قۇراملىق ئىككى قىز كەلدى. ئۇلار راھىلەگە پەس ئاۋازدا بىرنېمىلەرنى دېدى - دە، ئەسقەرگە مەنىلىك بىر قاراپ قويۇپ يەنە چىقىپ كەتتى.

- سىزمۇ ئويناپ قوياي دەپسىزدە، ـ سورىدى راھىلە.

- شۈنداق، بىر تەلىيىمنى سىناپ باقمامدىمەن. لېكىن نورغۇنلىرى مەن بۆرۈن كۆرمىگەنلا ئويۇنلار كەن.

بۇ كۈن راھىلە بىر بالىنى ئەسقەرگە بىر قىسىم ئويۇنچۇقلارنى قانداق ئويناشنى ئۆگىتىپ قويۇشنى بۇيرىدى. ئارىدا ئۆزى سىرتقا چىقىپ كەتتى.

شۈنىڭدىن كېيىن ئەسقەر بۇ يەرنىڭ دائىملىق خېرىدارى بولۇپ قالدى. ھەتتا، بەزى كۈنلىرى كېچىسى ئۆيگىمۇ قايتماس بولىۋالدى.

بىركۈنى ئۇ بىرقانچە ئاغىنىسى بىلەن مەيداننىڭ يېنىدىكى كەچلىك بازاردا ئولتۇرۇپ ئارزاق ھاراق ئىچتى. ئۇ ئۆيگە قايتىشنى خالىماي ئۇدۇل كىنوخانىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىقتى. بۇ چاغ سائەت ئاللىبۇرۇن 11دىن ئاشقان بولسىمۇ بىراق بۇ يەردە ئادەم يەنىلا كۆپ ئىدى. ئۇ باش مۇلازىمەت ئورنىغا بېرىپ قارىۋىدى راھىلە بار ئىكەن.

- سىزباركەنسىزغۇ؟ - ئەجەبلىنىپ سورىدى ئەسقەر، - ئۆيگە قايتمامسىز؟

- مېنىڭ ياتىقىم مۇشۇنىڭ ئىچىدە - دېدى راھىلە كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئەسقەر بىردەم ئويۇن ئوينىدى. كېيىن كەيپچىلىكتە بىرى بىلەن مۇشتىلىشىپ كەتتى. قارشى تەرەپ بىر مۇشت ئېتىۋىدى، ئۇنىڭ بۇرنى ئۇوقتەك قاناپ كەتتى. بۇ چاغدا ئامانلىق قوغدىغۇچى ئۇنى يۆلەپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

بۇنى كۆرگەن راھىلە دەرھاللا:

- ئۇنى بۇياققا ئەكىلىڭ، - دېدى ھەم ئەسقەرنى بىرتەرىپىدىن يېتىلەپ ياتاق تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى.

كىنوخانىنىڭ ئۇوك تەرىپىدە بىر ئىككى قەۋەتلىك ئاشخانە بولۇپ، بۇرۇن كىنوخانا بىلەن تۇتاش ئىدى. كېيىن ئۇ يەرباشقىلارغا ستىۋېتىلگەنلىكتىن، ئىككى بىنا ئوتتۇرىسىدىكى كىرىپ - چىقىش ئىشىكى ئېتىۋېتىلدى. دەسلەپ بۇ ئاشخانىنىڭ سودىسى ئالاھىدە ياخشى بولدى. بىراق شەھەردە زامانىۋى ئاشخانىلار كۆپلەپ بارلىققا كەلگەندىن كېيىن سودىسى يۇرۇشمەي قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاستىلا ئاشخانا قىلىنىپ

ئۈستى مەخسۇس كىچىك خانىلارغا ئايرىلىپ، شۇ يەردە ئىشلەيدىغان باللارنىڭ ياتىقى قىلىنىدى. كىنوخانا تەرەپتىنمۇ بۇ يەردە ياتىدىغانلار بولغانلىقى ئۈچۈن ئەسلىدىكى ئېتىۋېتىلگەن ئىشىك قايتا ئېچىلغان ئىدى.

راھىلە ئەسقەرنى ياتىقىغا ئېلىپ كىردى. لۆڭگىنى سۇغا چىلاپ ئۇنىڭ يۈزىنى ئېرتتى. بايىقى بىر مۇشت ۋە ھاراقنىڭ تەسىرىدىن ئۇ ئېسىنى يوقاتقان بولۇپ، كارۋاتقا دۈم چۈشۈپلا ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىگەندە ئەسقەر ئويغۇنۇپلا ئۆزىنىڭ باشقا بىر يەردە ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ چۆچۈپ يېنىغا قارىدى. يېنىدا راھىلە ئانىدىن توغما ھالەتتە ياتاتتى. ئۇ تېخىمۇ چۆچۈپ كەتتى.

ئۇنىڭغىچە راھىلەمۇ ئويغاندى.

- مەن، مەن ھازىر نەدە، - سورىدى ئەسقەر.

- سىز ھازىر مېنىڭ ياتىقىمدا، ئاخشام بەك ئېغىر مەس بولۇپ كېتىپسىز، كېيىن بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ كەتتىڭىز. شۇنىڭ بىلەن سىزنى ياتىقىمغا ئېلىپ كىرگەن ئىدىم. ئاخشام ئۇنىمسام...

راھىلەم خىجىل بولغاندەك يەرگە قارىدى. ئەسقەر نېمە قىلىشىنى، نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. تۇرۇپلا بۇيەردىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

- ھازىر چىقماي تۇرۇڭ، - دېدى راھىلە، - باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن، سەل تۇرۇپ چىقىڭ.

ئۇ تاماكا ئېلىپ چەكمەكچى بولۇۋىدى، راھىلە ئۇنىڭغا بىر تال تاماكا تۇتتى.

ئۇ تاماكىنى چېكىشى بىلەنلا يۆتىلىپ كەتتى. ئاچچىقىدا تاماكىنى كۆچەپ تۇرۇپ تارتتى. بىرچاغدا بېشى سەل قايغاندەك بولدى دە، ئاستا كارۋاتقا كېلىپ ياتتى. قاندادۇر بىر خىل ئىللىق سېزىم ئىچىگە تارقالغاندەك بولدى. بايىلا چايناپ پۇركۇۋەتكۈسى كەلگەن راھىلە ئۇنىڭغا باشقىچە بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ئاساستا ئۇنى قۇچاقلىدى...

## 10

رەيھانگۈل بۈگۈن بالدۇرلا كومپيۇتېر ئالدىغا كەلدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ مۇشۇ يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان خىيالى بىر يەردە ئەمەستەك قىلاتتى. بۇرۇنقىدەك شەمبە، يەكشەمبە كۈنلىرى پەقەت ئوغلى بىلەن سۆزلىششى ئۈچۈنلا تورغا چىقىشتىن مانا ھازىر ئارا كۈندە بىرلا تورغا چىقىدىغان بولۇۋالدى. بۇمۇ ئەلۋەتتە، قاسىماخۇن ئۆيدە يوق چاغلاردا بولاتتى.

بۈگۈنمۇ قاسىماخۇن يوقارقى مەھەللىدىكى ھېزىم قۇلاقنىڭ كىچىك ئوغلىنىڭ خەتمە تويىغا كەتتى. بۇ يىزىنىڭ خەتمە تويلىرىمۇ ئاجايىپ. بۇرۇنلاردا بىر كۈندىلا تۈگەيدىغان مۇنداق مەرىكىلەر ھازىر تەرەققىي قىلىپ، بىر نەچچە كۈنگە سوزىلىدۇ. يېزا تەۋەسىدە بىر رېستۇران قۇرۇلۇۋىدى ھازىر شۇ يەرگە دوم چۈشۈشتى. يېڭىلىقنى تېز قوبۇل قىلغان ماۋۇ قىرىنداشلىرىمىز غا بۇنداق ئىشلار ئاساس تېپىلىدۇ دەمسىز. ئائىلىساق توي - تۆكۈنلەردە مەيلى چاقىرسۇن ياكى چاقىرمىسۇن تويغا بارغانلار رېستۇرانغا پاتماي قالىدىكەن. بىر مەيدان ئۇسسۇل ئويناش ئۈچۈن جەڭگە كىرىپ چىققاندەك بولىدىكەن. مەيدانغا بىرلا كىرسە ئۆزى ئۇسسۇل ئويناۋاتقان جورىسىنى ئۇسسۇل تۈگىگەندە ئاران تاپارمىش...

رەيھانگۈل كومپيۇتېرنى ئېچىپ، كوت - كوت نومۇرىنى كىرگۈزدى. ئۇنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە كومپيۇتېر سەۋىيىسىمۇ خېلىلا ئۆسۈپ قالغانىدى. بۇ جەھەتتە زەينىدىن ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەمدە بولۇۋاتاتتى.

رەيھانگۈل قانچە كۈتسىمۇ قارشى تەرەپتىن ھېچقانداق ئۈچۈر بولمىدى. ئۇ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇشىغا كومپيۇتېردىن يېقىملىق ئۈچۈر كەلگەنلىك خەۋىرى كەلدى. ئۇ ئالدىراپلا ئېكرانىنى ئاچتى.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سەھرادىكى يېگانە گۈلۈم، بۈگۈن بالدۇرلا تورغا چىقىپسىزغۇ؟

زەينىدىن سالام بىلەن تەڭ يەنە بىر ئاق كەپتەرنىڭ بىرتال ئاق ئەتىرگۈلنى چىشلىگەن رەسىمىنى رەيھانگۈلگە ئەۋەتتى.

رەيھانگۈلنىڭ كۆڭلى ۋىللىدە ئېچىلدى.

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ياخشى تۇردىڭىزمۇ، - ئۇمۇ جاۋابەن ئەھۋال سورىدى.

- مېنىڭمۇ بۇگۈن باشقا ئىشىم يوق. قارىسام شۇ زىرىكىپ، سىزنى بارمىدۇەپ تورغا چىققان ئىدىم. قارىغاندا يولداش ئۆيدە يوق ئوخشىمامدۇ؟

- مەنمۇ شۇ، - رەيھانگۈل بىردەم تۇرۇپ قېتىپ قويدى، - شەھەرلىك تۇرۇپ زېرىكتىم دېسىڭىز كىم ئىشىنىدۇ. زېرىكسىڭىز بازار ئايلىنىپ كەلسىڭىز بولمامدۇ؟

- بۇ سوغۇقتا بازار ئايلىنىپ سوغۇق كۆرگەندىن، يەنىلا كومپيۇتېردىن باھارنىڭ پەيزىنى ھېس قىلغىنىم مىڭ ئەۋزەل. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

- ۋېيەي سىزنىڭ مۇشۇ گەپلىرىڭىز، - رەيھانگۈلمۇ قوشۇلۇپ كۈلدى.

- قانداق شەھەرگە قاچان كىرەي دەيسىز؟

- مەنمۇ شۇ پات يېقىندا كىرمەكچى. ئوغلۇممۇ مۇشۇ قىش كىرگەندىن بۇيان چىقماسلا بولۇۋالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوددي بىر يېرى ئاغرىيدىغاندەكلا ياداپ كېتىپتۇ. سورىسام ئۇنداق ئىش يوقلا دەيدۇ. تاماقتىن قېينىلىپ قالمسۇن دەپ پۇلنىمۇ ئايىماي بېرىۋاتىمىز بولمىسا.

- شەھەردىكەن شۇ، بەلكىم ھاۋاسى ياقمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇۋاتقان باللار. چارچاش بەك ئېغىر بولسا مۇشۇنداق بولىدۇ. بەك ئەنسىرەپ كەتمەڭ.

- شۇنىمۇ دەيمىز، بالا بولغاندىن كېيىن يەنىلا ئەنسىرەيدىغان گەپكەن.

- قارىغاندا دادىسىنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى يوق ئوخشىمامدۇ؟

- ئالدىنقى قېتىم ئوغلۇم بىر قانچە ساۋاقدىشى بىلەن چىقىپتىكەن. كەچتە بۇ يەردىكى ساۋاقداشلىرى بىلەن ئاشخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ ئارزاق ھاراق ئېچىپ قويۇپتۇ. قاسىماخۇن ئەنە شۇ ئىشقا خاپا بولۇپ

تېخىچە چىراي ئاچماي يۇرىدۇ.

بىر ئايىنىڭ ئالدىدا ئەكبەر ۋەدىسى بويىچە ياتاقتىدىكى ساۋاقداشلىرىنى ئۆيىگە ئېلىپ چىقتى. شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى ئۇ بۇ يەردىكى ئۈچ ئاغىنىسىنى ئېلىپ، ئاشخانىغا كىرىپ ساۋاقداشلىرى شەرىپىگە سورۇن تۈزدى. شۇ كۈنى ئۇ «ئۆزەڭنىڭ يېرى تۇرۇپ ئېچىمەمسەن، مېھمانغا زورلاش نەدىن كەلگەن قائىدە» دېگەن گەپلەرگە چىدىماي ئارزاق يۇۋا ئىچتى. كەچتە ئۆيدە ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ سىرتقا چىقىپ ياندۇردى. بۇ ئىشنى قاسىماخۇن كۆرۈپ قالغان، شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭغا قاپاق تۈرۈپ كەلگەنىدى.

- ئاستا - ئاستا ئۇخشىلىپ قالىدۇ، - زەينىدىن خىيالغا كەتكەن رەيھانگۈلنىڭ خىيالىنى بۆلدى، - بالا ئەمەسمۇ؟ ھازىر شەھەردە ئۆسۈۋاتقان بالىلارنىڭ قايسى بىرى بۇنداق ئىشلاردىن نېرى دەيسىز.

- شۇنداق بولسىمۇ مەن ئوغلۇمنىڭ بىرەر يامان يولغا كىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. كېچىلىرى تولا ئويلاپ ئۇيقۇممۇ كەلمەس بولدى.

- ئۇيقۇلىرى ئۇ ئىشقا كەلمەمدۇ ياكى...

- سارالىك...

رەيھانگۈل خۇددى كىچىك قىزلاردەك تۇمشۇقىنى سوزدى. شۇ ئارىدا دەرۋازىنى بىرىنىڭ ئاچقان ئاۋازى ئاڭلاندى. رەيھانگۈل قۇرقۇپ كېتىپ سۆزلىشىش ئېكرانىنى ئۆچۈرمەي كومپيۇتېر ئېكرانىنىلا ئۆچۈردى. ئۇنىڭغىچە ئۆيگە قاسىماخۇن كىرىپ كەلدى.

- قانداق دادىسى بىرىپ كەلدىلىمۇ؟ - رەيھانگۈل خۇددى ئۇيياتلىق بىر ئىش ئۈستىدە تۇتۇلۇپ قالغاندەك يەرگەقاراپ تۇرۇپ سورىدى.

- بىرىپ كەلدىم. پاھ، بۇ سوغۇقنى بىر دېمەيلا قوي خوتۇن. ئەكەل ئىسسىق بىر چىنە ئەتكەن چېيىڭ بولسا بەر. ماۋۇ ئوت يالقۇنى دېگەنىدىن پەرز تۇتۇپ تويدا تارتىلغان ئاشنىمۇ تۈزۈك يىمىدىم.

شۇئارىدا كومپيۇتېرىدىن تويۇقسىز:

- رەيھانگۈل سىزبارمۇ؟ - دېگەن ئاۋاز كەلدى.

- كىم ئۇ گەپ قىلىۋاتقان، - ئەجەبلىنىپ سورىدى قاسىماخۇن.

ئـۈنـىڭغـىچە قورقــۇپ كەتــكەن رەيھــانگۈل دەرھــال كومپيۇتېر قويۇلغــان ئۈستەل يېنىغا باردى - دە، توك مەنبەسىنى بىراقلا ئۈزۈۋەتتى.

- مەن ســـــاتا كـــــم ئـــــۇ گەپ قىلغـــــان دەپ ســـــوراۋاتىمەن. - قاسىماخۇننىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆڭدى.

- مەنمـــۇ بىلمـــەيمەن. بـــۇ، بـــۇ قانـــداق ئىشـــكەن بولـــدى دادىســـى ئولتۇرسىلا مەن چاي ئەكىرەي.

رەيھـــانگۈل دەرھـــال ئاشـــخانا ئـــۆيگە چىقىـــپ كەتتـــى. قاســـىماخۇن كومپيۇتېرنــــىڭ ئالــــدى كەينىنــــى بىــــر قــــۇر تەكشــــۈردى. ئۈســــتەلنىڭ تــارتمىلىرىنى ئېچىــپ بــاقتى. ھېچقانــداق ئەھــۋال يــوق. «تــووۋا، مەن خاتــا ئــاڭلاپ قالمىغانــدىمەن، بــايىلا بىرســــىنىڭ ئــاۋازىنى ئاڭلىغانــدەك قىلغــان ئىدىم».

قاســـىماخۇنمۇ ئايالىغـــا ئەگىشـــىپ ئاشـــخانە ئـــۆيگە چىقتـــى. رەيھـــانگۈل ئوخشــــىتىپ بىــــرچىنە قايمــــاقلىق ئەتــــكەن چــــاي ئەتتــــى. چــــاي ئىچىلىــــپ بولغىچە ئەر - ئايال بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدى.

ئـــۈنـىڭغىچە تېلېفـــۇن جىـــرىڭلاپ كەتتـــى. رەيھـــانگۈل بىرىـــپ تېلېفـــۇننى ئالـــدى. تېلېفـــۇننى قاســـىماخۇننىڭ قەشـــقەردىكى ئىنىســـىنىڭ بالىســـى ئۇرغــان بولــۇپ، بالىنــىڭ ئېيتىشــىچە دادىســى قــاتتىق ئاغرىــپ قالغــان، ئاكىســىنى بىر كۆرۈش ئارزۇسى بار ئىكەن.

بـــۇگەپلەرنى ئـــاڭلاپ قاســـىماخۇننىڭ كـــۆڭلى بۇزۇلـــدى. دېمىســـىمۇ بـــۇ دۇنيالىقتـــا يـــالغۇز بىرتـــاللا قېرىندىشـــى ئەمەســـمۇ؟ ئەينـــى يىللىـــرى تەغدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشــى بــويىچە ئىنىســى بىــر ئايالنىــڭ ســەۋەبىدىن يــۇرتتىن چىقىــپ يىـــراق يەرلەرگە بىرىـــپ ماكانلاشـــتى. گەرچە ئـــۇلار ئالاقىلىشـــىپ تۇرغـــان بولسىـــمۇ بىـــراق ئـــارىلىق يىـــراق بولغاچقـــا يـــۈز تـــۇرانە كۆرۈشـــۈش پۇرســـىتى ناھـــــايىتى ئازئىـــــدى. قاســـــىماخۇننىڭ خىيالىغـــــا تويۇقســـــىز كىچىـــــك چاغلىرىدىكى ئىشلار كەلدى.

جالالىــــدىنىنىڭ ئەســــلى شــــەھەردىن بولــــۇپ، دادىســــى كاتتــــا ســــودىگەر ئىــدى. كېيىــن جالالىــدىن ئوقــۇش پۈتتــۈرۈپ مۇشــۇ يېزىغــا خىــزمەتكە تەقســىم قىلىنــدى. دادىســى بــۇ ئىشــقا قارىشــى بولســىمۇ ئــۇ بــۇيەرگە كېلىــپلا ياقتۇرۇپ

قالـــدى. بولۇپمـــۇ چىرايلىـــق يىپىلىـــق قىـــز گۈلسـوۋم ئۈنـــك كـــۆڭلىنى ئېلىۋالـــدى. ئـــۇلار تـــوي قىلىـــپ بـــالىلىق بولـــدى. جالالـــدىننىڭ قاســـىم ۋە هاشـــىم ئىســـىملىك ئىككـــى ئـــوغلى بـــار بولـــدى. بـــۇ بـــالىلار بىـــر - بىرىـــدىن چىرايلىـــق بولـــۇپ كـــۆرگەنلا كىشـــىنىڭ هەۋىســـىنى كەلتـــۈرەتتى. بـــالىلار ئىچـــىدە كىچىكـــى هاشـــىم تولىمـــۇ شـــوخ، ئەركە چـــوك بولـــدى. بـــالىلار تـــازا بەخـــت ئىچـــىدە چـــوڭ بولىۋاتقـــان مەزگىللـــەردە مەدىنىـــيەت زور ئىنقىلابىـــي باشـــلاندى. بـــۇ كـــۈنلەردە كىشـــى ئـــازراقلا دىقـــقەت قىلمىســـا چاتـــاق چىقـــاتتى. ئـــاخىرى ئويلىغانـــدەك بىـــرئىش يـــۈز بەردى. جالـــدىننىڭ دادىســـى ســـودا ئىشـــى بىـــلەن چەتـــكە چىقىـــپ قايتىـــپ كىلەلـــمەي شـــۇ يەردە تـــۈرۈپ قالغانـــدى. بـــۇ ئـــش قانـــداقتۇر بىـــر قۇلاقلارنـــىڭ ئىنقىلىشـــى بىـــلەن تىـــزدىن ئىنقىلابچىلارنـــىڭ قۇلىقىغـــا بىرىـــپ يەتتـــى. شـــۇنىڭ بىـــلەن جالالـــدىنمۇ بىـــر كىچىـــدىلا تـــۈرمىگە قامالـــدى. ئۇنـــىڭغـــا «چەتـــكە باغلانغـــان ئۇنسـۇر» دىـــگەن قالپـــاق كىيدۈرۈلـــدى. كىيىـــن بـــۇ قالپـــاق ئـــاز كىلىـــپ قالغانـــدەك كۈنـــدە بىـــر يىغىلىنىـــپ تـــۈردى. ئـــــاخىرى بـــــۇ قالپاقلارنـــــىڭ كۆپلىكـــــىدىن بىچـــــارە جالالـــــدىن بىشـــــىنىمۇ كۆتـــۈرەلمەس بولـــۇپ قالـــدى. شـــۇكۈنلەردە بىچـــارە ئانـــا ئىككـــى بالىســـىنى ئېلىـــپ يىـــراق بىـــر تۇققۇنىنـــىڭ ئـــۆيىگە بىرىـــپ پاناهلانـــدى. بىـــراق ئەكســـىئىنقىلابچىلار ئـــۇنى بـــار يىرىـــدىن تۇتـــۇپ كىلىـــپ: «ئىرىـــك تىقىـــپ قويغـــــان مـــــال - دۇنيـــــانى تاپشـــــۇر، بىرلىشـــــىپ نەگە قاچماقچىـــــدىڭلار» دىگەنـــدەك چويلىـــدا توختمايـــدىغان باهـــانە - ســـەۋەپلەربىلەن ئۇنىمـــۇ ســـولاپ قويـــدى. بىـــر قىتىملىـــق ســـوراقتا ئىككىســـى يۈزكۆرۈشـــتۈرۈلدى. بـــۇ چاغـــدا جالالـــدىننىڭمۇ هـــالى خـــاراپ ئىـــدى. ئايـــالى گۈلسـوۋمنىڭ ئەهـۋالى ئۇنىڭـدىنمۇ ئىغىـــر بولـــۇپ، چـــاچلىرى چۇۋۇلغـــان كـــۆزى بىـــر نوقتىغـــا تىكىلىـــپلا قالغانـــدى. جالالـــدىن ئىشـــكتىن كىـــرىپلا ئايالىغـــا ئىتىلـــدى. بىـــراق، ئىنقىلابچىلار ئۇنى بارغىلى قويمىدى.

- قىنـــى جـــالال ئىيـــت، ئەگەر يەنە بۇيۇنتـــاۋلىق قىلســـاڭ ئايالـــىڭ هەرگىـــز بـــۇيەردىن ســـاق چىقمايـــدۇ. راســـتىنى ئىيتســـاڭلا، ئايالـــىڭ كەڭچىلىككە ئىرىشىدۇ.

ئـــۇلار جالالـــدىننىڭ كـــۆز ئالدىـــدىلا گۈلسـوۋمنى ئـــۇردى تەپتـــى، يـــۈزلىرىگە

تۆكۈردى. بۇ ئەلەملەرگە چىدىمىغان جالالىدىن ۋارقىراپ كەتتى:

- بولدى مەن ئىقرا ر قىلاي، مەن ئىقرار قىلاي، ئۇنى ئۇرماڭلار.

- دادىسى نىمىنى ئىقرار قىلدىلا، بۇ ئىتلارغا ھەرگىز باش ئەگمىسىلە. بولمىسا ئۆلسەممۇ گۆرۈمدە تىك ئولتۇرىمەن.

ئىنقىلابچىلار گۈلسۈمنى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار جالالىدىننىڭ ئالدىغا قانداقتۇر بىر قەغەزلەرنى يايدى. بىچارە ئۆمرىدە ئۆتكۈزۈش ئەمەس ھەتتا ئاڭلاپمۇ باقمىغان بۇ تۆھمەتلەر يېزىلغان قەغەزگە قول قويدى. ئۇلار ئۇنىڭ بارمىقىنى ئاللىقانداق بىر قىزىل نەرسىگە چىلاپ قەغەز ئۈستىدىكى «چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر جالالىدىن» دېگەن ئېسىمنىڭ ئۈستىگە باستى.

شۇ ئىش ئۆتۈپ ئىككى كۈندىن كېيىن گۈلسۈم سولانغان كالا قوتىنىدا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىر سىر بولۇپ قالدى.

جاھان ئۇچلىشىلىپ جالالىدىنمۇ ئاقلاندى. ئۇ تۈرمىدىن چىقىپ ئالدى بىلەن گۈلسۈمنىڭ يىراق تۇققىنىنىڭ ئۆيىدە تۇرىۋاتقان ئىككى ئوغلىنى قايتۇرۇپ كەلدى. ئايالى ئۈچۈن نەزىر بەردى. باللىرىنى ھەر يىلى ئايالىنىڭ تۇپراق بېشىغا ئېلىپ چىقىشنى ئۇنتۇمىدى. بىراق ئۇ قايتا ئۆيلەنمىدى. قاسىم چوڭ بولۇپ توي قىلدى. جالالىدىن ئۇنى ئۆي ئايرىپ چوڭ ئۆيىنىڭ يېنىغا چىقىرىپ قويدى. شۇ كۈنلەردە قوشنىسى سەلەينىڭ ئۆيىگە جەنۇبى شىنجاڭدىن سىڭلىسى يولدىشى بىلەن قوشۇلۇپ قىزىنى ئېلىپ كېلىپ قالدى. بۇ چاغدا ھاشىممۇ چوڭ بولۇپ توي قىلىش يېشىغا يەتكەن ئىدى. سەلەينىڭ سىڭلىسىنىڭ بۇ قىزى تولىمۇ چىرايلىق بولۇپ ھاشىم ئۇنىڭ گەپ قىلغاندىكى ئاۋازىغا مەھلىيا بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار ناھايىتى تېزلا چىقىشىپ قالدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقا ن چوڭلارمۇ بۇ ئىشقا قوشۇلدى. لېكىن سەلەينىڭ سىڭلىسى «بىرتال قىز، يىراق يەرلەردە تۇرغۇزالمايمەن، ئەگەر قوشۇلساڭلار يېگىتنى بىز ئېلىپ كېتەيلى» دېيىشتى. جالالىدىن بۇ نىخغا قەتئىي قارشى چىقتى. لېكىن ھاشىم شۇ قىز بىلەن توي قىلمىسام ئۆلۈۋالىمەن دەپ يۈرۈپ ئاخىرى توي قىلدى. ئۇلار بۇ يەردە يۇرتقا ئاددىيلا دەستۇرخان سېلىپ،

كۈيئوغۇلنى ئېلىپ قەشقەرگە كېتىپ قالدى.

شۇ ئىشلار بولۇپ بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن جالالىدىن قازا قىلدى. قاسىم ئىنىسىغا تېزدىن خەۋەر بەردى. ئۆلۈمنى چىرايلىق ئۇزاتتى. مانا شۇندىن بىرى يىللاردا بىر كۆرۈشمىسە ئۇلار ئارىسىدىكى ئالاقە شۇ تېلىفۇن، ياكى شۇ يەرلەرگە بارغانلاردىن ئەۋەتكەن خەت خەۋەرلەر بىلەنلا بولۇپ كەلدى...

قاسىماخۇن چوڭقۇر بىر تىندى - دە، ياستۇققا يۆلەندى. دۇنيادا قېرىنداشلىق مېھرىگە نېمە يەتسۇن ئەمدى. تېخى بايىلا تويى خوشاللىقىغا چۆمگەن قاسىماخۇننىڭ كۆڭلى يەنە بىر قېتىم بۇزۇلدى.

- خۇتۇن، قارىغاندا ئەھۋال ئېغىر ئوخشايدۇ. مەن بىر بېرىپ كېلەي. سېنىمۇ ئېلىۋالاي دېسەم بۇ قىش. يول يىراق جاپا تارتىپ قېلىشىڭدىن قورقىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆينى مۇنداقلا يالغۇز تاشلاپ قويساقمۇ بولماس. ماۋۇ قوشنىنىڭ قىزى مەن كەلگۈچە ساڭا ھەمراھ بولۇپ تۇرسۇن. مال - ۋارانلارغا قاسىم ئىشىككە دەپ قويساي شۇ قارايدۇ. مەن كەلگۈچە جاپا تارتىپ قالىدىغان بولدۇڭ.

- ئۇنداق دېمىسىلە دادىسى، - تېخىچىلا بايىقى ئىشتىن كۆڭلى جايىغا چۈشمىگەن رەيھانگۇل تېزدىن ئۆزىنى ئوڭشىدى. دۇنيالىقتا بىرتاللا ئىنىلىرى ئەمەسمۇ بېرىپ كەلسىلە. ئۆيدىن خاتىرجەم بولسىلا.

ئىككى كۈن ئۆتۈپ قاسىماخۇن قەشقەرگە مېڭىپ كەتتى.

## 11

ئەكبەربىلەن مەردان ھېلىقى قېتىم كىنوخانىغا قايتا بارغاندىن بۇيان بۇ يەرنىڭ دائىملىق خېرىدارى بولۇپ قالدى. ئۇلاردەسلەپ ھەپتىدە بىر بارغان بولسا مانا ئەمدى ھەپتىدە ئىچىدىمۇ بارىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ تولا دەرس تاشلاۋاتقانلىقىنى، قاداقتۇر بىرىباھانىلەربىلەن ياتاققا قېچىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سىنىپ مەسئۇلى بىر كۈنى ئىككىسىنى ئىشخانىغا ئايرىم چاقىرتتى.

ئۇلار قىلغان ئىشى ئاشكارىلىنىپ قالغاندەك دەسلەپ شۇنچە قورقۇشتى. ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىسىنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن بۇ ئەندىشىسى ئازراق بېسىلغاندەك بولدى.

- سىلەرنى بۇيەرگە چاقىرتىشىم بىلەن سىلەن بىلەن بىر ياخشىراق پاراڭلىشىپ بېقىش ئىدى ئۈكىلىرىم.

يېشى 40 لاردىن ئاشقان، چىرايلىق بۇرۇتى، قارامتۇل چىرايىغا ياراشقان، يۇرۇش - تۇرۇشقا تولىمۇ ئېتىبار بېرىدىغان ئەلى مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا بولغان مۇئامىلىسى بەكمۇ سىلىق ئىدى. بولۇپمۇ ھەممە ئوقۇغۇچىنى ئۆز قېرىندىشىدەك كۆرىدىغانلىقى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى.

- قارىسام مۇشۇ يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان بىر قانچە سائەت دەرسكە قاتناشماپسىلەر، كەچلىك مۇزاكىرىلەرگىمۇ چىقماس بولۇپسىلەر. ياتاقداشلىرىڭلار سىلەرنى تولا سىرتقا چىقىدۇ دەيدۇ. بۇنىڭدىن سەل ئەنسىرەپ قالدىم ئۈكىلىرىم. ھازىر جەمئىيەت تېنچ ئەمەس. بىلىپ - بىلمەي يامان يوللارغا كىرىپ قالساڭلار ئاخىرىغا كەلگەندە پۇشايمانغا قالىدىغىنى باشقىلار ئەمەس ئۆزۈڭلار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىڭلار يېزىدىن كىرىپ ئوقۇۋاتىسىلەر. بىزنىڭ يېزىلارنىڭ تۇرمۇشى ھېلىمۇ ئۇنچە ياخشى بولۇپ كەتكىنى يوق. يېزىدىن شەھەرگە كىرىپ ئوقۇشمۇ ئۇنچە ئاسان ئەمەس. مەنمۇ بۇرۇن مۇشۇنداق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. ياتاق تۇرمۇشىنىڭ قانداقلىقىنى ياخشى بىلىمەن. سىلەرگە دەيدىغىنىم ئەگەر شۇنداق ئىشلار بولسا دەرھال بۇ يولدىن يېنىڭلار. بولمىسا تېخى ياخشى. كۆڭلۈڭلارغا ئالماڭلار ئۈكىلىرىم بىزە «ياخشى ئاتقا بىر قامچا» دەيدىغان تەمسىل بار. قالغىنىنى ئۆزۈڭلار بىلىڭلار...

ئۇلار ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يېنىدىن باشلىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە يېنىپ چىقتى. ئىككىسى مەكتەپ ئىچىدىكى قاتار ئۆسكەن تېرەكلەر يېنىغا قويۇلغان بىر ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

- ئاداش، - دېدى ئەكبەر، - مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىم. قارىغاندا مۇئەللىم بىزنىڭ ئىشىمىزنى بىلىپ

قالغان ئوخشايدۇ.

- مەنمۇ شۇنداق، ئەمدى بىز ئاستا بۇ ئىشتىن ئۆزىمىزنى تارتايلى.

- بۇ ھەپتىدىن باشلاپ ھېلىقى نىجىس يەرگە بارمايلى. بۇ ئىشلارغا سەۋەپ بولغان ئەسقەر دېگەن گۇي. ھەممە ئىشنى قىلىپ بولۇپ ئۆزىمۇ يوقىدى.

- قايسى كۈنى ئۇنى يەنە شۇ يەردە كۆردۈم. تاماققا زورلىغانىدى ئۇنىماي يېنىپ كەلدىم. قارىغاندا ئۇ باشقىلارنىمۇ كىرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

ئىككىنچى مەۋسۇملۇك ئوقۇش باشلىنىپ ئاز كۈن ئۆتمەيلا ئەسقەر ئوقۇشتىن يەنە توختىۋالدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ شۇنچە قىلغانلىرىمۇ بىكار كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ تېخىمۇ ئەركىن بولۇپ ئاشۇ بىر تۈركۈملەرنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ كەتكەن ئىدى.

ئۇلار شۇ پاراڭلار بىلەن ياتاققا قايتىشتى. كەچلىك مۇزاكىرىگىمۇ ئۇدا بىر قانچە كۈن تولۇق قاتناشتى. بىراق، تۈتىنچى كۈنى بولالماي قالدى. بىر - بىرىگە قىلغان ۋەدىلىرى ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ قەدەملىرى يەنە شۇ تەرەپكە كېتىپ قالدى. بۇقېتىم ئۇلار خۇددى ئۇچ كۈنلۈك دەردىنى بىراقلا ئالماقچى بولغاندەك ياتاققىمۇ يانمىدى...

بىركۈنى ئەكبەر ئانىسىغا تېلېفۇن قىلىۋىدى، دادىسىنىڭ جىددى ئىش بىلەن قەشقەرگە كەتكەنلىكىنى بىلدى. شۇ ھەپتىسى ئۇ مەردانىنى ئېلىپ ئۆيىگە چىقتى. لىكىن يەكشەمبە بولۇشىنى كۈتمەيلا شەھەرگە يېنىپ كەلدى. رەيھانگۈل ئوغلىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ئۇلتۇرالمايلا قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوغلى تاغدىن سۇئال سورىسا باغدىن جاۋاپ بىرەتتى. ئەتىگەنلىك چاغ ۋاقتىدا ئەكبەر قاتتىق قىقلىپ يۆتىلىپ كەتتى. ئانا قانچە قىلسىمۇ ئەكبەر زۇكام بولۇپ قاپتىمەن، بولدى دوختۇرخانىغا ئۆزەم بارايدەپلا گەپنى ئېلىپ قاچتى. شۇنىڭ بىلەن چۈشتىن كېيىنلا شەھەرگە قايتتى.

شۇ كۈنلەردە مەكتەپ خاراكتىرلىك بىر خىل كىسەل تارقالدى.

باللارنىڭ بەدىنىگە ئالىقانداقتۇر بىرنەرسىلەر چىقىپ بىسىپ كەتتى. ئەكبەر بىلەن مەردانىنىڭ يۈزلىرىدىمۇ شۇنداق نەرسە پەيدا بولدى. مەكتەپ بۇ ئىشنىڭ جىددى ئالدىنى ئېلىپ شۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگەن باللارنى يېغىپ شەھەرلىك يوقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئورنىغا ئېلىپ بېرىپ تەكشۈرتمەكچى بولدى. ئۇلار ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن قان تەكشۈردى. باشقا تەكشۈرۈشلەرنى قىلىپ بولۇپ، مەسئۇللارغا ئىككى كۈندىن كېيىن نەتىجىسىنى ئېلىش، بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگەن باللارنى تېزدىن باشقىلاردىن ئايرىپ تۇرۇش تەكلىۋىنى بىرىپ قايتۇردى.

ئىككى كۈندىن كېيىن تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىقتى. ئەھۋال دوختۇرلارنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك بولماستىن بەلكى بۇ شۇ ئەتراپتىكى موھىتنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقتى. لىكىن نىمىشقىدۇر ئەكبەر بىلەن مەردان دوختۇرخانىغائايرىم چاقىرتىلدى.

ئۇلار ئالىقانداقتۇر بىر خىياللار بىلەن دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلدى. يولدا كەلگۈچە ئىككىسى بىر - بىرىگە گەپ - سۆزمۇ قىلىشمىدى. دوختۇرخانىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇلار بىر سېستىرانىڭ يول باشلىشى بىلەن بىر بۆلۈمگە كىردى. بۆلۈمدە يېشى 50لەرگە يېقىنلاشقان، قارىغان ئادەمگە ئىللىق تەسىر بېرىدىغان، كۆز ئەينەك ئاستىدىكى چوڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىرنەرسىنى ئويلاۋاتقانىدەك تويغۇدا بولۇۋاتقان بىركىشى ئولتۇراتتى. ئەكبەر بىلەن مەردان سالام قىلغاچ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

- قايسىڭلار ئەكبەر بولىسىلەر، - سورىدى پىشقەدەم دوختۇر سەمىمىلىك بىلەن.

مەن شۇ، - ئەكبەر ئاستا جاۋاپ بەردى. بىراق ئاۋازى ئۆزىمۇ بىلمىگەن ئاساستا تىترەپ چىقتى.

- ياخشى، ئۇنداقتا سىز مەردان ئىكەنسىزدە. مەردان شۇنداق دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

- ماڭا قاراڭلار باللىرىم، سىلەرنى بۇ يەرگە چاقىرتىشىم سىلەر

بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈش، بۇنداق دېسەم بەك قورقۇپ كەتمەڭلار. ئەمدى سىلەردىن سوراپ باقاي، سىلەر قەيەردىن كېلىپ ئوقۇۋاتىسىلەر؟

- ھەر ئىككىمىز يىزىدىن كەلگەن. - جاۋاپ بەردى مەردان.

- مانا قارا، ھازىر يېزىلاردىمۇ مۇشۇنداق شەھەرلەردە ئوقۇيدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. ھازىر بۇ يەردىلا ئەمەس ئۇرۇمچى، ھەتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىمۇ ئوقۇۋاتقان باللار ئاز ئەمەس. مۇشۇنداق ياخشى پۇرسەتلەردە چوقۇم ياخشى ئوقۇش كېرەك...

دوختۇر يەنە ئاللىقانداقتۇر ياخشى گەپلەرنى قىلدى. بىراق مەردان بىلەن ئەكبەرنىڭ خىيالى بىرىيەردە ئەمەس. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەرگە نىمە سەۋەپتىن ئايرىم چاقىرتىلغانلىقىنى بىلىشكە تەققازا ئىدى.

- سىلەرنى بۇ يەرگە ئېلىپ كىلىشىم - ئاستا ئاۋازدا سۆزلىدى دوختۇر، - سىلەردە ئازراق بىر ئاغرىق بايقالدى. لىكىن قورقۇنچلۇق ئەمەس. ناھايىتى كىچىك ئاغرىق. پەقەت سىلەرماڭا ياخشى ماسلىشىپ بەرسەڭلارلا چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىسىلەر. .

ئەكبەر بىلەن مەرداننىڭ كۆڭلى بۇزۇلغاندەك بولدى. شۇنچە ساۋاقداشلىرى ئىچىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئاغرىق چىقىپ قالغانلىقىنى ئويلىسىلا بىر خىل بولاتتى.

- بولدى گەپ مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، سىلەر ئىككى كۈندىن كېيىن بۇ يەرگە يەنە بىر قېتىم كېلىڭلار. تاماق يېمەي كېلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. - دوختۇر شۇلارنى دەپ بولۇپ يەنە قوشۇپ قويدى. - بۇ ئىككى كۈندە باشقا يەرلەرگە بېرىشقا بولمايدۇ.

ئىككىسىنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. ئۇلار ئىشخانىدىن ئۇزاپ چىقتى. شۇ ئاردا بىر سېستىرا قىز كىرىپ كەلدى.

- دوختۇر مانا بۇ بايىقى ئىككى باللىنىڭ يەنە بىر تەكشۈرتىشتىكى قەغىزى.

مەسئۇل دوختۇر قەغەزگە قاراپ قويدى ئاندىن تارتمىسىدىن ئۇ ئىككىسىنىڭ قان تەكشۈرتكەندىكى قەغىزىنى ئېلىپ ئۇزاق قاراپ كەتتى ۋە بايىقى تەكشۈرۈش قەغىزىنى قوشۇپ تارتمىغا سېلىپ قويدى.

- بۇ باللاردا نېمە ئاغرىق بار كەن، - سورىدى سېستىرا قىز مەسئۇل دوختۇرنىڭ سەل تاترىپ قالغان چىرايىغا قاراپ.

مەسئۇل دوختۇر ئېغىر بىر تىنىدى. ئۇ سېستىراغا قاراپ ئاستا ئېيتتى.

- بۇ ئىككى بالىدىن دەسلەپكى تەكشۈرتۈشتە «ئەيدىز» بىلەن يۇقۇملانغان دەپ پەرەز قىلدۇق.

- نېمە؟ - سېستىرا نىڭ قولىدىكى دەپتەر يەرگە چۈشۈپ كەتتى. - مۇشۇ باللاردىما؟ ئۇلار تېخى كىچىك ئىكەنغۇ؟

- قارىغاندا بۇ نېچچە كىسەلنىڭ قول سالمىغان ئادىمى قالمىغان ئوخشايدۇ. بۇ كېسەلنىڭ ئادەم بەدىنىدە ئاشكارلىنىش ۋاقتى ئادەتتە بىر يىل ئەتچە بولىدۇ. قارىغاندا بۇ باللار نىڭ يۇقۇملانغان ۋاقتى مۇشۇنچىلىك ۋاقىتتا ئوخشايدۇ. ھەر ئىككىسى يېزىدىن كەلگەن باللار ئىكەن. ھەي، ئاتا - ئانىسى ئاڭلىسا قانداق بولۇپ كېتەر.

- ئاڭلىسام ھازىر بۇكىسەلنىڭ تارقىلىشى بەك تېزكەن.

- شۇنداق، بۇ كېسەل 1981 - يىلى بايقالغاندىن بۇيان ھازىر پۈتۈن دۇنيادا بۇ كېسەل بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار نىڭ سانى يىلدىن - يىلغا ئېشىپ 2007 - يىلغا كەلگەندە 65مىليونغا يەتتى. دۆلىتىمىزدە 1985 - يىلى تۇنجى قېتىم بۇكىسەل بىلەن يۇقۇملانغۇچى بايقالغان. ھازىرغىچە بۇ كېسەل دەپ دېئاگنوز قويۇلغىنى 370مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار تورغان يەرلەردە بۇنىڭ كۆپىيىش قەدىمى كىشىنى ھەقىقەتەن چۆچۈتىدۇ. ئۇيغۇر ئېلىدىكى مۇشۇ كېسەل بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار نىڭ سانى مەملىكەت بويىچە تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىسمۇ بىراق نوپۇس بويىچە قارىغاندا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

- بۇ كېسەلنىڭ بۇنچە تېز بولۇشىغا سەۋەپ بولىۋاتقان نەرسە نېمە؟ - سېستىرا ئويلىنىپ سورىدى.

- بۇ كېسەل ئاساسلىقى قالايمىقان يەرلەرگە بېرىش، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، بىر يىڭنىنى ئىككى ئادەم ئورتاق ئىشلىتىش، قان ئېلىش قاتارلىق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن يوقىدۇ. بولۇپمۇ مۇشۇ زەھەرلىك

چىكىملىك بىلەن قالايمىقان مۇناسىۋەت قىلىش بۇنىڭ ئەڭ خەتەرلىك تارقىلىش مەنبەسى بولۇپ قالماقتا.

مەسئۇل دوختۇر يەنە بىر قىتىم ئېغىر تىندى. ئۇ سېستىرا قاراپ:

- بۇبالىلار يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن كېلىدۇ. ھازىرچە بۇ ئىشنى مەخپىي تۇتۇپ تۇرايلى. بالىلار ئازابلىنىپ قالمىسۇن.

سېستىرا ماقۇل دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. دوختۇر كۆزئەينىكىنى ئېلىۋېتىپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى. ئۇ دېرىزە پەردىسىنى ئاستا قايرىپ، سىرتقا قارىدى.

- ھەي، ھازىرقى زامان بالىلىرى زادى نېمىنى ئويلايدىغاندۇ. ئۇلاردا نە ئاتا - ئانىنىڭ ئەمگىكىنى ئويلاش، نە ئۆز بەختىنى ئويلاش خىيالى يوق. بۈگۈننى خوشال ئۆتكەزسىلا بولىدى. قايسىدۇر بىرىنىڭ ھازىرقى بالىلار كىچىدىنلا ئانا سۈتىدىن ئايرىلىپ كالا سۈتى بىلەن بېقىلغاچقا كالا مىجەز بولۇپ كەتتى دېگىنىمۇ راست ئوخشايدۇ.

ئۇ ئۆزىگە يەنە نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلىدى...

12

قاسىماخۇن قەشقەرگە شۇ كەتكەنچە بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت تۇرۇپ قالدى. ئۇ بارغاندا ئىنىسىنىڭ ئاغرىقى خېلىلا ئېغىر ئىدى. ئۇ ئىنىسىنى شۇ يەرلىك چوڭ دوختۇرخانىلارغا ئېلىپ كىرىپ داۋالاتتى. بىراق ئاشقازان راكىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى بولغاچقا 20نەچچە كۈن بولغاندا تۈگەپ كەتتى. ئۇ ئىنىسىنىڭ يەتتە نەزىرسىنى بىرىپلا قايتماقچى بولدى. بىراق ئىنىسىنىڭ ئايالى ۋە بالىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بولۇپ يەنە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆستەڭە ئىنىسىنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ قويۇپ بىراقلا قايتىش قارارىغا كەلگەنىدى.

قاسىماخۇن قەشقەرگە كەتكەن دەسلەپكى كۈنلەردە رەيھانگۈل يالغۇزسىرىغاندەك بولدى. بىراق ئاز كۈندىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ كۆنۈپمۇ قالدى. كۈندىزى قاسىم ئىشەك كېلىپ ماللارنىڭ ئايىقىنى

تازىلاش، سۇ، يەم بېرىش قاتارلىقلارنى قىلىپ بېرىپ قايتاتتى. بەزىدە تاماقمۇ يەپ قالاتتى. كېچىسى بولسا قوشنىسى مەريامخاننىڭ چوڭ قىزى ئارزىگۇل ئۇنىڭغا ھەمرا بولاتتى.

بۇ كۈنلەردە رەيھانگۈلنىڭ تورغا چىقىش پۇرسىتىمۇ كۆپ بولۇپ ئۇ ئارا كۈندە بىر زەينىددىن بىلەن پاراڭلىشىپ تۇردى.

- ئېرىڭىزدىن تېخىچە خەۋەر يوقمۇ؟ - بىر قېتىملىق ئالاقىدە سورىدى زەينىددىن.

- ئىنىسىنىڭ ئاغرىقى خېلى بارەك قىلىدۇ. شۇڭا ئۇزۇن ھايال بولىدىغاندەك قىلىمەن دەپ خەۋەر بەردى.

- ئۇنداقتا تازا زېرىكىدىكەنسىزدە!

- سىز بولغاندىن كېيىن زېرىكتۇرمەسسىز؟ - رەيھانگۈل بۇ گەپنى ئېغىزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدى ۋە ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى.

- ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، - زەينىددىنمۇ بۇ قىممەتلىك پۇرسەتنى چىڭ تۇتتى، - سىزلا ھايت دېسىڭىز مەن يېنىڭىزغا ئۇنىمەن.

- ئۇنداق قىلسىڭىز قانداق بولىدۇ. بۇ يەردىكىلەر كۆرۈپ قالسا باشقىچە ئويلاپ قالىدۇ.

- ئۇ تەرىپى ئاسان. سىزمىنى ئۇلارغا بىزنىڭ شەھەردىكى ئۇرۇق - تۇققان بولىدۇ دېسىڭىزلا ھېچكىم گۇمان قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزمۇ تېگىڭىزدىن شەھەرلىك تۇرسىڭىز.

ئىش شۇنداق پۈتتى. ھەپتە ئۆتۈپ زەينىددىن مەھەللىدە پەيدا بولدى. ئۇ ئايۇپ خېمىرنىڭ دۇكىنىدا ئولتۇرغانلاردىن رەيھانگۈلنىڭ ئۆيىنى سورىۇدى ئۇلار كۆرسىتىپ قويدى.

- ۋوي ماۋۇ ماز كاللا كىم بولۇپ كەتتى ئەمدى، - دۇكانغا كىرگەن تۇراپ غەت - غەت سۆزلەپ كەتتى، - قاسىماخۇننىڭ ئۆيىنى دەپ ئەمەس، رەيھانگۈلنىڭ ئۆيىنى دەپ سوراپ يۈرىدۇ.

- شۇ، ماۋۇ خېچىر زېرىككەن بولسا شەھەردىكى ئاشنىلىرىدىن بىرنى چاقىرغان گەپ، - گەپنى كېسىپلا ئېيتتى تۇرسۇن قانجۇق.

- قارىغاندا بىزنىڭ ماۋۇ سوپسوپىياڭ يولدىشى يوق چاغدا ئىشنى توغۇرلاي دەپتۇ - دە.

- ھەي، يولدىشى ئۈياقتا يۈرسە بۇنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى.

- مۇشۇ خوتۇن خەق دېگەنگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. شۇڭا كونىلار: «خوتۇنىڭنىڭ بۆزۈلغۇسى كەلسە قويىنىڭدا يېتىپمۇ باشقىلارنى ئويلايدۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغان.

- ھاي كوپچىلىك، - ئايۇپ خېمىر ئۇزاق ئويلىنىپ دېدى، - ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭلار. ھېچنىمىدىن ھېچنىمە يوق گۇمان قىلماڭلار. ياللا، بىچارە رەيھانگۈلنىمۇ قاراپ تۇرۇپ بىردەمدىلا قارىغا چىقىرىۋەتتىڭلار.

ھەممەيلەن تەڭلا ئۇنىڭغا قاراشتى.

- نىمانچە ئۇنى ئاقلاپ كەتتىڭ، - تۇراپ غەت - غەت ئايۇپ خېمىرغا يۈزلەندى، - قارىغاندا قاسىماخۇن يوق چاغلاردا ئۇ ئۆيىنى ئانچە - مۇنچە يوقلاپ تۇرۇۋاتقان ئوخشىمامسەن.

- ئاخشام ئىشلەك ئالدىغا چىقسام بىرى لوقىلداپ دەسسەپ شۇ تەرەپكە كېتىپ باراتتى. - تۇرسۇن قانجۇق يانپاشقا بىرنى ئۇرۇپلا يالغاندىن بىرنى توقىدى.

- سەن قانجۇقمۇ نەدە يۈندا بار، شۇ يەرنى پۇراپ يۈرىدىكەنسەن، - دېدى تۇراپ غەت - غەت ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ. - شۇڭمۇ مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىپ بارىسەن.

تۇرسۇن قانجۇق ئەمدىلا بىر نەرسە دەي دەپ تۇرىشىغا دۇكانغا قاسىم ئىشەك كىرىپ كەلدى. ئىش ئاڭدىغلاشتى. قاسىماخۇننىڭ ئۆيىگەچىقان ئەر رەيھانگۈلنىڭ شەھەرلىك بىر توققىنى ئىكەن.

- مەن بايىلا سىلەرگە دېدىمغۇ يوق گۇماننى قىلماڭلار دەپ، - ئايۇپ خېمىر ئۆمرىدە بىر ئىشنى توغرا دىتلاپ پاراڭ قىلغاندەك كىرىلىپ قويدى.

زەيىندىن دۇكاندىكىلەرنىڭ كۆرسىتىپ قويۇشى بىلەن رەيھانگۈلنىڭ ئۆيىنى تېزلا تاپتى. بۇ چاغ كۈن چۈش پېشىندىن سەل قايرىلغان ۋاقىت

بولۇپ، رەيھانگۇل ئۆيدە تەييارلىق بىلەن قاسىم ئىشەك ماللارغا سۇ، يەم بېرىش بىلەن بەنت ئىدى.

دەرۋازا قېقىلدى. مال قوراسىدا تۇرۇپ، دەرۋازىنىڭ قېقىلغانلىقىنى ئاڭلىغان قاسىم ئىشەك خېلى قاراپ تۇردى. بىراق ئۆيدىن رەيھانگۇل چىقمىدى. قارىغاندا ئۇ ئاڭلىمىغاندەك قىلاتتى.

ئۇنىڭغىچە قاسىم ئىشەك بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى. دەرۋازا ئالدىدا چىرايلىق كىيىنگەن، يارىشىملىق بۇرۇت قويغان ئۆزى بىلەن تەڭ قۇراملىق بىرەيلەن تۇراتتى. تۇرقىدىن شەھەرلىكلىكى چىقىپ تۇراتتى. زەينىدىنمۇ قاسىمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ بۇنداق بولۇشىنى ئويلىمىغانىدى.

- ئەسسالامۇ - ئەلەيكۇم، - ئۇ سەل تۇرۇپ دېدى، - بۇ رەيھانگۇل، ھە، ياق قاسىماخۇنكامنىڭ ئۆيى بولامدۇ؟

- شۇنداق سىز كىم بولىسىز؟ - سورىدى قاسىم ئىشەك.

ئۇنىڭغىچە پىشايۋاندا رەيھانگۇل كۆرۈندى.

- ھوي، زەينىدىن ئىنىم ئىكەنغۇ بۇ. قېنى قاراپ تۇرماي بۇ ياققا كىرىڭ.

زەينىدىن دەرۋازا ئىچىگە قەدەم قويدى. ئۇنىڭغىچە رەيھانگۇلمۇ بۇ تەرەپكە كەلدى.

- بۇياق، - دېدى ئۇ زەينىدىننى قاسىم ئىشەككە تونۇشتۇرۇپ، - بىزنىڭ، ياق، مېنىڭ شەھەردىكى تۇققىنىم بولىدۇ. ئۇزۇن بولغان ئىزدەشمىگەن. بۈگۈن مېنى ئىزدەپ چىقىپتۇ.

ئۇ تويۇقسىز تۇرۇپ قالدى. قاسىمغا نېمە ئۈچۈن بۇلارنى دەپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك دېگەندەك ئۇ ھەدىگەندىلا گەپتىن كەتكۈزدى.

ئۇنىڭغىچە قاسىممۇ مال قوراسىغا كىرىپ كەتتى. زەينىدىن ئۆيگە كىردى. رەيھانگۇل ئۇنىڭ ئاستىغا كۆرپە سالدى.

- كىم ئۇ رەيھانگۇل، - سورىدى زەينىدىن، - دەرۋازىنى ئېچىپلا قورقۇپ كەتتىم.

- بىزنىڭ مەھەللىلىك قاسىم بولدۇ. شۇ قاسىماخۇننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە مۇشۇنداق كۇندۇزلىرى كېلىپ ماللارغا قاراپ بېرىۋاتىدۇ.

- قاسىماخۇن، مەن كەتكەندە رەيھانگۇلۇم مېنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن دەپ ئىسمىدىشىنى تېپىپ سىزگە قاراشقا قويۇپتىدە.

رەيھانگۇل تىزلا زەينىدىنگە دەستىخان سېلىپ، ئۇستەلنى نازۇ - نېمەتلەر بىلەن تولدۇردى. شۇ ئارىدا قاسىمنىڭ سىرتتا تۇرۇپ:

- مەن ماڭدىم، - دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

قاسىم بۇرۇن بۇنداق دېمەيتتى. بۇگۈن نېمىشقا شۇنداق دېگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمىدى. رەيھانگۇلنىڭمۇ كۆڭلىگە بىر نەرسە كەلگەندەك بولدى. خۇددى قاسىم زەينىدىننىڭ كىملىكىنى سېزىپ قالغاندەكلا...

قاسىم رەيھانگۇلنىڭ چاي ئىچىڭ دەپ تۇتقىنىغا قارىماي چىقىپ كەتتى. رەيھانگۇل بېرىپ دەرۋازىنى تاقىدى.

رەيھانگۇل زەينىدىن بىلەن پاراڭ قىلغاچ تەييار قىلىپ قويغان تاماقنى پىشۇردى. زەينىدىن ئوخشىتىپ ئېتىلگەن چۆچۈرىدىن توشقۇزۇپ تۇرۇپ ئىككى چىنە ئىچتى.

تاماق يېيىلىپ دەستىخان يىغىلدى. ئۇلار ئۇ يەردىن بۇيەردىن پاراڭ قىلىشتى. بىر چاغدا زەينىدىن تويۇقسىزلا رەيھانگۇلنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

- ئۇنداق قىلماڭ، - دېدى رەيھانگۇل ئۇنىڭ قولىدىن قولىنى تارتماقچى بولۇپ كۆچىۋىدى تارتىپ ئالالمىدى، - باشقىلار كۆرۈپ قالسا قانداق سەت.

- ۋوي، ئۆز ئۆيىڭىزدىنمۇ قورقامسىز؟ - زەينىدىن ئۇنى يېنىغا تېخمۇ يېقىن تارتىپ قۇچاقلىدى، - سىزنىمۇ كۆرىدىغان كۈن بار ئىكەن ئاق ئەتىرگۈلۈم. سىزنى كۆرگەندىن بۇيان ماڭا ئۇيقۇ ھارام بولدى. سىزنى ئويلىمىغان بىر كۈنۈممۇ يوق. مانا بىزنىڭ نالىمىز تەڭرىگە يېتىپ بىزگە مۇشۇنداق ياخشى پۇرسەتنى ئاتا قىلدى.

ئۇ يەنە نېملەرنىدۇر دېدى. ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى گەپ - سۆزلەر بارا - بارا قۇلاقلارغا پىچىرلاشقا ئۆزگىرىپ كەتتى. زەينىدىن شېرىن

سۆيۈشلەر ئىسكەنجىسىدە مەس بولۇپ ياتقان رەيھانگۈلنى كۆتۈرۈپ توردىكى قاسماخۇن دائىم يانپاشلاپ ياتىدىغان كۆرپە ئۈستىگە باستى...

13

زەينىدىننىڭ شەھەرلىك پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىسىدا ئىشلىگىنى راست، لىكىن بۇ بۇنىڭدىن 5 - 6يىللار بۇرۇنقى ئىش. زەينىدىن ئائىلىدە باللارنىڭ كىچىكى، تۆت بالا ئىچىدە يالغۇز بىرلا ئوغۇل بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئاتا - ئانىسى ھەتتا ئۇرۇق - تۇققانلىرى ئارىسىدىمۇ ئۇنىڭ تەربىيىسى ئالدىغانلار كۆپ ئىدى. مۇشۇنداق موھىتتا چوڭ بولغان زەينىدىن تولىمۇ ئەركە چوڭ بولدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي مەكتەپتىكى ئۆگىنىشى ياخشى ئىدى. تولۇق ئوتتۇرا يىللىققا چىققاندا شەھەردىكى نوقتىلىق ئوتتۇرىغا قوبۇل قىلىندى.

شۇ يىللىرى تولۇق ئوتتۇرا ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىن تالالاپ ئەسكەرلىككە ئەۋەتىش چاقىرىقى كەلدى. زەينىدىن بۇنىڭغا قىزىقتى ھەمدە ئاتا - ئانىسىغا بۇ ئەھۋاللارنى ئېيتتى. لىكىن بىرتال ئوغۇل دەپ ھەرۋاقىت ئۇنىڭ غىمىنى يەپ كېلىۋاتقان ئاتا - ئانىسى بولۇپمۇ ئانىسى بۇ ئىشقا قوشۇلمىدى. ئامالسىزلىقتىن داۋاملىق تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇدى. ئارزۇسىنىڭ ئائىلىدىكىلىرى تەرىپىدىن رەت قىلىنغانلىقى سەۋەبىدىن زەينىدىن شۇ ئىش سەۋەبى بىلەن ئۆلۈرغا قىيداپ يۈردى. ھەتتا مەكتەپكە بارمايدىغان، دەرس تاشلايدىغان بولۇۋالدى.

سىنىپ مۇدىرى بىر قانچە قېتىم ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئاتا - ئانىسىغا كېلىپ بۇ ئەھۋاللارنى ئېيتتى. گەرچە ئۇ شۇندىن كېيىن مەكتەپكە تولۇق بارىدىغان بولغان بولسىمۇ لىكىن ئۆگىنىشى بۇرۇنقىدىن چېكىنىپ كەتتى.

ھەش - پەش دىگىچە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان ۋاقتىلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. تەغدىرنىڭ چاقچىقىدىنمۇ ياكى ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشتە چېكىنىپ كەتكەنلىكىدىنمۇ بىرىنچى يىلى ئۇ قوبۇل قىلىنالماي قالدى.

ئىككىنچى يىلى ئاتا - ئانىسى ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئىنتىھان بېرىشكە رىغبەتلەندۈردى. بىراق ئۇ ھە دېگەندىلا بۇ ئىشقا قوشۇلمىدى. «ماشا دۇكان ئېچىپ بەر، سودا قىلىمەن» دەپ تۇرىۋالدى. ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ ئۇنىڭغا شەھەرنىڭ ئاۋات يېرىدىن دۇكاندىن بىرنى ئېچىپ بەردى.

ئائىلىدە تولمۇ ئەركە ئۆسكەن، جەمئىيەت كۆرۈپ ئۇگۈنۈپ قالغان زەيىنىدىن بۇ يەردە ئۇزۇن ئولتۇرالمىدى. ئۈچ ئاي بولغاندا دۇكانمۇ تاقالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە بىر ئىككى ئاي لاغايلاپ يۈردى.

مەكتەپلەردە ئىككىنچى مەۋسۇملۇك ئوقۇش باشلانغان چاغ. بىر كۈنى خەلق مەيدانى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەندە ئىلگىرىدىكى سىنىپ تەربىيىچىسى رابىيەم مۇئەللىم ئۇچراپ قالدى. ئۇ زەيىنىدىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بۇ يىلمۇ داۋاملىق ئىمتىھان بېرىپ بېقىشنى ئېيتتى.

- قارا زەيىنىدىن، - دېدي رابىيەم مۇئەللىم مۇلايىملىق بىلەن، - سېنىڭ مەكتەپتىن چېقىلىشىڭنىڭ ئۆزىلا ئەڭ چوڭ خاتالىق. سېنىڭ ئەزەلدىن ئۇگۈنىشىڭ ياخشى بولۇپ كەلگەن. مەنىلا ئەمەس ھەتتا بۇ سىنىپقا دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ھازىرغىچە سېنىڭ گېپىڭنى قىلىدۇ. ئادەم بۇ ھاياتلىقتا ئوخشىمىغان تەغدىر، ئوخشىمىغان قىسمەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ. قايسىدۇر بىر يازغۇچى ھايات توغرىسىدا مۇنداق دەپتىكەن: «بۇ ھايات خۇددى توختاۋسىز بىر پويىزغا ئوخشايدۇ، كىشىلەر دەل شۇ پويىز ئېچىدىكى يولۇچىلاردۇر. ھايات يولىدا ئۆزلۈكسىز كېتىۋاتقان بۇ پويىز مەنزىلگە يەتكۈچە تۇرلۇك ئورۇنلاردىن ئۆتىدۇ. بەلكىم ئۇ توختىغان بېكەتلەردە سېنى، مېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلىك جايلار بولۇشى مومكىن. بەلكىم ئارىمىزدىكى نۇرغۇن يولۇچىلار ئەنە شۇ مەنزىرىلەرگە، ۋاقىتلىق ھوزۇر - ھالاۋەتكە قىزىقىپ شۇ يەرلەردە چۈشۈپ قېلىشى مومكىن. لېكىن بىلىپ قالغىنكى بۇ بىزنىڭ ئاخىرقى نىشانىمىز ئەمەس. ئەڭ ئاخىرقى نوقتىغا يېتىپ بارالىغان يولۇچىلا ئەڭ بەختلىكتۇر.» مەن سېنىڭ بۇ يېرىم يولدا چۈشۈپ

قىلىشىڭنى ھەر گىز خالىمايتتىم. ھېلىمۇ كىچىكمەيسەن. قايتا سەپىرىڭنى داۋاملاشتۇرساڭ ئېشىنىمەنكى چوقۇم غەلىبە قىلالايسەن. رابىيەم مۇئەللىم يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەرنى سۆزلىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى شوخ، تېتىك ھالىتىنى قايتا ئەسكە سالدى.

زەينىدىنگە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ سۆزى خېلىلا تەسىر قىلدى. شۇ ھەپتە ئۆتۈپ يەنە بىر ھەپتىسى ئۇ مەكتەپكە قايتا قەدەم قويدى. بۇ يېرىم يىل ۋاقىتنى چاك تۇتۇپ ئۆگەندى. دېمەك، ئۇ غەلىبە قىلدى. ئۇ ئۇرۇمچىدىكى نوقتىلىق بىر ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى. بولارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەربىيىسىدىن بولغان، قارالغۇلۇق ئىچىدە قىلىپ نەگە مېڭىشىنى بىلمەي قالغاندا قولىدىن تارتىپ سەپكە قوشۇۋالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

زەينىدىننىڭ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ نەتىجىسىدىن خوشال بولدى.

مانا ھەش - پەش دېگۈچە ئالىي مەكتەپ ھاياتىمۇ ئاخىرلىشىپ، زەينىدىن ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ كەلدى.

شۇ يىللاردا پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىغا ئوخشاش ئورۇنلار خۇسۇسىلاشمىغان، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلار بولۇپ، بۇ يەرلەرنىڭ تەمىناتى باشقا ئورۇنلاردىن ئەلۋەتتە ئالاھىدە پەرقلىنەتتى. زەينىدىننىڭ كىچىك دادىسىمۇ مۇشۇ ئورۇندا ئىشلەيتتى. شۇڭا شۇ كىشىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن زەينىدىن بۇ يەرگە ئورۇنلاشتى.

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىكى، زېرەك، ئىنكاسىنىڭ ئۆتكۈرلىكى بىلەن ئۇ بۇ يەردە ئەتىۋارلاندى. شۇ يىللىرى زاۋۇتنىڭ تازا روناق تېپىۋاتقان مەزگىللىرى بولۇپ، زاۋۇت رەھبەرلىرىمۇ بۇ ئايىقى چاققان بالىنى ياقتۇرۇپ قالدى ۋە تېزدىن ئۇنى موھىم ئىشلارغا قويدى. ھەش - پەش دېگۈچە ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ يىللاردا ئۇ جاپاغا قارىماي تىرىشىپ ئىشلىدى ۋە زاۋۇتتا كۆزگە كۆرۈنگەنلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. رەھبەرلىكنىڭ قوشۇلۇشى، ئىشداشلىرىنىڭ بىردەك ياخشى باھاسى بىلەن زاۋۇتنىڭ مال كىرگۈزۈش، سېتىش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللىقىغا تەيىنلەندى.

زەينىددىن بۇ ۋەزىپىگە قويۇلغاندىن كېيىن يەنىمۇ قىترىقىنىپ ئىشلىدى. خەنزۇتىلى ۋە كومپيۇتېر جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن نورغۇن ئىشلارنى ئۆز ئورنىدىلا تۇرۇپ ھەل قىلىپ، سېتىۋېلىش، سېتىش سوۇرئىتىنى تېزلەتتى. زاۋۇت رەھبەرلىكىنىڭمۇ ئۇنىڭغا بولغان ئېشەنچىسى ھەسسىلەپ ئاشتى.

زەينىددىننىڭ شۇ كۈنلەردە ئالاھىدە نەتىجىلەرگە قازىنىپ كېتىۋاتقانلىقى بىر قىسىم كىشىلەرنى خوشال قىلسا، يەنە بىر قىسىملارنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى. كۆڭلىگە ئالالىقاندادقتۇر ياماس غەرەزلەرنى سالدۇردى. بۇ دەل مۇشۇ زاۋۇتتىكى ئىلگىرىكى بۇ بۆلۈمنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن رەخىم ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئىدى. ئۇلار زەينىددىن ئاتلىق بۇ تۆلپارنىڭ داۋاملىق توختاۋسىز چېپىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولدى.

رەخىم ئەسلى بۇ بۆلۈمنىڭ مەسئۇلى بولۇپ، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇشىنى زەينىددىندىن كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا كۈلۈپ تۇرغان بىلەن كۆڭلىدە ئاللىقانداقتۇر پىلانلارنى تۈزەتتى. ئۇنىڭ قىمار ئويناپدىغان خۇمارى بولۇپ، ئىلگىرىمۇ زاۋۇتنىڭ بىر قىسىم مەبلىقىنى مۇشۇ ئىشقا سەپ بىرىپ ئاشكارلانغان، بىراق زاۋۇت تەرەپ بۇ ئىشنى ئىچكى قىسىمدا بىر تەرەپ قىلىپ زىيانىنى تۆلىتىۋالغان، بۇ ئىشلارنى باشقىلارغا ئاشكارلىمىغاندى.

بىر كۈنى ئۇ زەينىددىننىڭ يېنىغا كىرىپ كەلدى.

- قانداق ئۇكا، - دېدى ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن، - ئىشلار جايىدا كېتىپ بارامدۇ؟ قارىسام ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتىسەن. بۇ يەرگۇ ئەسلى ساڭا ئوخشاش باللارغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. مانا قارا بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا نورغۇن كىرىم ياراتتىڭ.

- ياقەي رەخىم ئاكا، بۇ لارنىڭ ھەممىسى ساڭا ئوخشاش ئاكىلىرىمنىڭ ياردىمىدىن بولدى. بولمىسا مەن بىر ئادەم نېمىمۇ قىلالاتتىم دەيسىز.

- ھەي ئۇكا، ئۇنچىلىك كەمتەربولۇپ كەتمە. سېنىڭ تۆھپەڭگە

هېچكىم كۆز يۇمالمايدۇ. بىراق...

زەينىدىن ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى. رەخىم بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، بىر ئىككىنى تارتتى دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

- قاراپ قالما ئۇكا، بىراق دېگىنىم، قارىسام سەن تېخى ياش. بۇ يېشىڭدا قانداقلا بولمىسۇن جاھاننى كۆرۈشۈڭ، ئوينىشىڭ كېرەك ئىدى. بۇ ياشلىق، بۇ ئۆمۈر ئادەمگە پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ. ئۇنى قانداق ئۆتكۈزۈش ئادەمگە باغلىق. ئەلۋەتتە ئىشلەش كېرەك، لېكىن ئويۇن - تاماشىمۇ بىرگە بولۇشى كېرەك. ئەتە - ئۆگۈن قېرىغاندا ۋاي ئويناۋالاي، كۈلۈۋالاي دېسەڭمۇ پۇرسەت يوق.

زەينىدىن تۇرۇپ ئويلىنىپ قالدى. رەخىمنىڭمۇ گەپلىرىنىڭ ئاساسى بار. دېمىسىمۇ ئۇ بۇ بۆلۈمگە مەسئۇل بولغاندىن بۇيان سېپتۇۋالمەن، سېپتىپ چىقىرىمەن دەپ نەچچە ئاي بولدى زاۋۇت بىلەن ئۆي ئارلىقىدا. ھەتتا ئايالىمۇ ئۇنىڭدىن رەنجىپ يۈرىدۇ. چۈنكى بالىسىنىڭ بىرياشقا توشقان توغۇلغان كۈنىدە ئۇ ئۆيدە بولالمىدى. ئەل - ئاغىنىلىرىدىمۇ شۇ گەپ. «دېمەك، مەن باشقىلاردىن بەكلا ئايرىلىپ قالدىممۇ قانداق؟» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇنىڭ ئويلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن رەخىم پۇرسەتنى چىڭ تۇتتى.

- ئادەم دېگەن ئادەم بىلەن ئادەم ئۇكا. ئاڭلىسام زاۋۇتتىكى باللار ئورۇنلاشتۇرغان سورۇنلارغىمۇ بارمايدىكەنسەن. ئۇلار سېنى ئۇنداق ھاكاۋۇرئىكەن، مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇدۇم، زاۋۇت مەسئۇلى دەپ ئۆزىنى بىزدىن چەتكە ئېلىپ يۈرىدۇ دەپ رەنجىپ يۈرىدۇ. مەنغۇ ئۇلارغا سېنىڭ خىزمىتىڭنىڭ ئالدىراشلىقىنى ئېيتتىم. «كەمبەغەل كەمبەغەلنىڭ قاياشى» دەپ مەنمۇ بۇرۇن بۇ خىزمەتنى ئىشلىگەن شۇڭا ئۇنىڭ جاپاسىنى ئوبدان بىلىمەن.

رەخىم «مەنمۇ ئىشلىگەن» دېگەن گەپنى ئالاھىدە ئۇرغۇلۇق قىلىپ ئېيتتى.

ئىككى كۈن ئۆتكەندە رەخىم ئۇنى بىر سورۇنغا تەكلىپ قىلدى.

زەينىدىنمۇ ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلمايلا قوشۇلدى. كەچتە ئۇلار رەخىمنىڭ بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇردى. سورۇندا زەينىدىندىن باشقا يەنە بىر قانچە خىزمەتداشلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار سورۇن تۈزەپ سائەت 11لەرگىچە ئولتۇردى. ئارقىدىن سورۇننى يىغىپ قارتا ئوينىماقچى بولدى. دەسلەپ ئۇلار ئادەتتىكىچە ئوينىدى. سەل قىزىپ قالغان زەينىدىنمۇ ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ ئوينىدى. زەينىدىن بىردەمدىلا بىر تالاي پۇل ئۇتۇۋالدى. پۇللارنى كۆرۈپ ئۇداۋاملىق ئوينىدى. رەخىم قاتارلىقلار بىر - بىرىگە كۆز قىسىشىپ، ئۇنىڭ ئۇتۇشى ئۈچۈن كەڭ سورۇن ھازىرلاپ بەردى.

ئارىدىن يەنە بىرھەپتە ئۆتكەندە رەخىم ئۇنى يەنە بىرقېتىم تەكلىپ قىلدى. ئۆتكەندىكى ئۇتۇشلاردىن كېيىن زەينىدىنمۇ بۇ غايىپتىن كەلگەن ئامەتتىن مەس بولۇپ يۈرەتتى. شۇڭا بۇقېتىم تېزلا ماقۇل بولدى. رەخىم ئۇنىڭغا «بۇ قېتىم ئۆتكەنكىدىن چوڭ ئوينايمىز» دەپ ئەسكەرتىپ قويدى.

بىراق بۇ قېتىم ئامەت ئۇنىڭدىن قاچقانىدەك قىلاتتى. ئۇ بىراقلا نەچچە مىڭ يۈەن ئۇتتۇرۇپ قويدى. ئۇ سالپايغىنىچە قايتىپ كەلدى. «يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ» دېگەنىدەك تېخىچە ئېسىنى يىغمىغان زەينىدىن بۇنداق سورۇنلارغا ئارقا - ئارقىدىن بىر قانچە قېتىم بىرىپ نورغۇن پۇلىدىن ئايرىلىپ قالدى. بۇنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك زاۋۇتنىڭ مال كىرگۈزۈش پۇلى بولۇپ ئۇ بوغالتىردىن قەيەردىندۇر مال كىرگۈزۈش باھانىسى بىلەن ئالغانىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەتە، ئۆگۈن زاۋۇت تەرەپ تېخى مالنىڭ كىرمىگەنلىكىنى بىلىپ قالسا قانداقمۇ قىلارمەن؟

بىركۈنى رەخىم ئۇنىڭغا كەچتە بىر سورۇننىڭ بارلىقىنى، بۇ سورۇنغا كەلگەنلەرنىڭ قازاقىستاندىن كەلگەن پۇلى بار لۈۋبەنلەر ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ قىمارنى پەقەت ئىش - پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈنلا ئوينايدىغانلىقى شۇڭا بىرقانچەيلەن بىرلىشىپ ئۇلارنى بابلاش ئوينىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. زەينىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىرقاپ قالدى. ئۇنىڭ قولىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن مال ئەكىلىش ئۈچۈن بۇگۈن زاۋۇتتىن ئالغان 100مىڭ يۈەنىنىڭ چېكى بارئىدى.

ئادەمگە ھاياتلىقتا شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. تاكى بېشى تاشتەك قاتتىق تامغا تاققىدە تەگمىگىچە ئالدىدا توساق ياكى توسالغۇ بارلىقىنى بىلىپ يېتەلمەيدۇ.

زېيىندىنىڭ ئىككى كۆزى ئاللىبۇرۇن بۇ يورۇق دۇنيادىنى ئۆز ئەينى بىلەن كۆرۈشتىن مەھرۇم قالغانىدى. ئۇ بانكىغا بېرىپ پۇلنى ئالدى. كەچتە ئۇ سورۇنغا بالدۇرلا باردى. خۇددي رەخىم بىلەن بىرلىشىپ ئۇ بايلارنى بىراقلا سۈپۈرۈپ ئېلىۋالدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى.

بۇ ئويۇننىڭ رەخىم تەرىپىدىن ئۇرۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن؟ قاباھەتلىك بۇ كېچىدە ئۇ ھەممە نەرسىسىدىن ھەتتا ئۆيىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى. قارىش تەرەپ ئەتىسىلا ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنىڭغا تەھدىت سالدى. پۇلنى تېپىش ياكى ئۆيىنى بوشىتىشنى ئېيتتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئايالى چىمەنگۈل بالىسىنى ئېلىپ شۇ كۈنىلا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى.

بۇ ئىش تېزلا زاۋۇت تەرەپنىڭ قۇلىقىغا بېرىپ يەتتى. زاۋۇت رەھبەرلىرى تېزدىن مالىيە ھېساۋاتىنى ئىنقىلاپ چىقتى. دېمەك، بىر ئايدىن بۇيان ئۇنىڭ بىۋاستە مال كىرگۈزۈش باھانىسى بىلەن ئالغان پۇلى 300مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار قانداق قىلىشنى بىلمەي قالدى. زېيىندىنگە تولىمۇ ئىشەنچ قىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ھەتتا ئۇنىڭغا مال كىرگۈزۈشتە ئۆزى بىۋاستە مال كىرگۈزۈش ياكى چىقىرىش ھوقۇقىنى بىرىۋەتكەنلىكىدىن پۇشايمان يېيىشمەكتە ئىدى. ئامال قانچە؟ بۇ ئىش ھامان يۇقىرى رەھبەرلىكنىڭ قۇلىقىغا بېرىپ يېتىدۇ. شۇڭا زاۋۇت تەرەپ تېزدىن بۇ توغۇرسىدىكى ماتىريالنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يوللىدى. ئاز كۈن ئۆتۈپ، تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر كېلىپ زېيىندىنىڭ بارلىق ھېساۋاتىنى تەكشۈردى. بۇ ئىشلاردا ئەلۋەتتە رەخىم باشلامچى بولىدى. ئۇ تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەرگە قانداقتۇر بىر ماتىرياللارنى سۇناتتى، ئۆز يېقىنلىرىنى ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئۇلار بىلەن پىكىرلەشتۈرەتتى.

ئارىدىن يېرىم ئايدەك ۋاقىت ئۆتتى. تەكشۈرۈشمۇ،

سۆھبەتلىشىشلىرىمىزنىڭ ئايىقى ئۈزۈلدى. يوقىرى رەھبەرلىك زەيىنىدىنى «ئومۇمنىڭ پۇلىنى شەخشى ئىشقا ئىشلەتكەن» دېگەن ئىسپات بىلەن قولغا ئالدى ۋە 5يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. زاۋۇتنىڭ شۇ چاغدىكى رەھبەرلىرىدىن بىۋاستە مەسئۇل ئىككى كىشىگە «ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، ئادەتتىكى بىر مەسئۇل خادىمغا زاۋۇتنىڭ ئاساسلىق ھوقۇقىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ مەسىلە كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپچى بولغان» دەپ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش جازاسى بەردى.

ئىشلار شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى. زەيىنىدىن تۈرمىگە كىرىپ ئاز ئۆتمەي، رەخىم يەنە قايتا ئۆز ئورنىغا چىقتى.

14

زەيىنىدىن شۇ ياتقىنىچە تۈرمىدە تۆت يىل يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئېپادىسى ئالاھىدە ياخشى بولغاچقا كەڭچىلىككە ئېرىشىپ مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن قويۇپ بېرىلدى.

ئۇ تۈرمىدىن چىققان دەسلەپكى چاغلاردا نېمە قىلىشىنى بىلمەي يۈردى. ئايالى ئۇنىڭدىن ئاللىبۇرۇن خېتىنى ئالغان بولۇپ، ئۇ چىققىچە تۈرمۇشقا چىقىپ بولغانىدى.

دەسلەپ ئۇ كىچىك دۇكاندىن بىرنى ئېچىپ ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى ساتتى. زاۋۇتتا ئىشلىگەن چاغلىرىدا تونۇشقان دوست - بۇرادەرلىرى كۆپ ئىدى. شۇلارنىڭ ياردىمىدە سودىسىنى بارا - بارا كېڭەيتتى. سودىسى تازا يۈرۈشۈۋاتقان كۈنلەردە ئۇ باشقىلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ نورغۇن پۇلىدىن ئايرىلىپ قالدى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ ھە دېگەندىلا ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچراۋاتقانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈندى. بۇ جاھاندىن، كىشىلەردىن ئاغرىندى. لېكىن ئاغرىنىش بىلەن قورساق تويمايدۇ دە.

شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ تۈرغان ئىسسىملىك ئەينى ۋاقىتتا ئالىي مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان ھەم ناھايىتى يېقىن ئۆتكەن ئاغىنىسى ئۇچراپ قالدى. ئۇ

زەينىدىننىڭ ئىشلىرىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان ھەمدە ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ قارىسىغا كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى.

تورغانمۇ شەھەرلىك بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەپ، شەھەرنىڭ ئاۋات ئورنىدىن بىرىگە دۇكاندىن بىرنى ئاچقانىدى. شەھەر كۆرگەن تۇرغان، ئۇرۇمچى تەرەپلەردە مودا بولۇۋاتقان نەرسىلەرنىڭ بۇ يەرلەرگە تېخى يېتىپ كېلەلمىگەنلىكىنى، كەلسىمۇ تولۇق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ ئۆزى بىۋاستە شۇ تەرەپلەرگە بېرىپ ئالاقىلىشىپ، مال كىرگۈزدى. ئۇنىڭ دۇكىنى ناھايىتى تېزلا بازىرى ئىتتىك دۇكانلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

مانا بىر، ئىككى يىل ئىچىدىلا ئۇنىڭ ھەمىيىنى خېلىلا تومپايغان ئىدى.

تورغان زەينىدىننى ئەگەشتۈرۈپ مەيدان ئەتراپىدىكى ياخشى بېزەلگەن ئاشخانىلارنىڭ بىرىگە كىردى. ئۇلار تاماق بۇيرۇتۇپ بولۇپ ئۆز - ئارا پاراڭغا چۈشتى.

- سېنى تۇرمىدىن چىقىپتۇ دەپ ئاڭلىغان ئاداش، - تورغان سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ قالدى ھەم ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، - مەن ساڭا ئېشىنىمەن ئاداش. سەن ھەرگىز ئۇلار دېگەندەك بالا ئەمەس. ھازىر نېمە قىلىۋاتىسەن؟

- ئۇ يەردىن چىقىپلا باشتا تەمتىرەپ يۈردۈم. ئۇزۇن ۋاقىت تاشقى دۇنيادىن ئايرىلىپ ياشاشنىڭ ئۆزىمۇ ئادەم ئۈچۈن بىر چوڭ يوقىتىش ئىكەن ئاداش. راستىنى دېسەم بۇ تۆت يىل ئىچىدىكى ئۆزگىرىشلەر مېنى ھەيران قالدۇردى. كېيىن كىچىك دۇكاندىن بىرنى ئاچقان ئىدىم، - ئۇ سەل توختاپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، - بۇ پەقەت ۋاقىتلىق قورساق بېقىش ئۈچۈنلا ئىدى. كېيىن بۇرۇنقى سودا قىلغانلاردىن بىرسى ياردەم قىلغان شۇنىڭ بىلەن سودىنى كېڭەيتىپ، يېزىلارغا چىقىپ تېرە، يۇڭ يۆتكەپ ئەكىلىپ، ساتقان ھەم بۇنىڭدىن ئازراق پايدىمۇ ئالغان ئىدىم. بىراق نېمە بىلەي بۇ قېتىممۇ يەنە پوققا دەسسەپ سالدىم دېگىنە.

- نېمە بولۇپ ئەمدى، - ئىتتىكلا سورىدى تورغان.

- شۇ، يەنە باشقىلارغا ئېشىنىپ كىتىپ بىر قىتىملىق سودىدا مالنىڭ ھەممىسىنى ئاق ھوججەتكە بىرىۋەتكەن. مالنى ئالغان ئادەم شۇ يوقالغىنىچە مانا ھازىرغىچە يوق.

- كىم ئىدى ئۇ؟

- بۇرۇن زاۋۇتتىكى ۋاقتىمدا ئالاقە قىلغانلاردىن بىرى ئىدى.

- ماۋۇ ئىشىنى كۆرۈڭلار، - تورغان ئىغىر خۇرسىنىپ قويدى، - يېتىمنىڭ ئىغىزى ئاشقا تەگسە بۇرنى قاناپتۇ دىگەندەك ئىش بولۇپتىدە. ھازىرچۇ؟ نىمە ئىش قىلىۋاتىسەن.

- نىمە قىلاتتىم. ئۇنى ساقلاپ ھەم ئىزدەپ دىگەندەك.

- ئاڭلىسام چىمەنگۇل قايتا ياتلىق بولۇپ كىتىپتۇ. بالاڭ ھازىر قەيەردە؟

- مەن چىقسام ئوغلۇمنى چوڭ ئۆيدىكىلەر بىقىۋىتىپتىكەن. ھازىرمۇ شۇ يەردە.

- چوڭ بولۇپ كەتكەندۇ؟

- شۇنداق، ھازىر بەش ياشتىن ئاشتى. خۇدا بۇيرىسا يەنە بىر يىلدىن كىيىن خەتمە تويىنىمۇ قىلىمىز.

نىمىشقىدۇر ئۇ «قىلىمەن» دىيەلمىدى. توغرا ئۇنىڭ ئەھۋالى بۇ تۇرسا قانداقمۇ ئۇنداق دىيەلىسۇن؟ ۋاقتى كىلىپ بۇ ئىشلارغا تۇتۇش قىلىسىمۇ يەنىلا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىغىزىغا قارايدىغان گەپ. قۇرامىغا يىتىپ، ئۆيلىنىپ بالا يۈزى كۆرگەن بىر ئەركىشى ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئىغىر كۈن بولامدۇ؟

- بۇنداق بىكار يۈرسەڭمۇ بولماس ئاداش، - تورغان ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى، - مۇنداق بولسۇن، مەن ھازىر ئۆزەم يىتىشەلمەيۋاتىمەن. ئەگەر خالىساڭ ماڭا ياردەملەشكىن. بىر دۇكانغا قارايدىغان ئادەم يوق ئىدى.

زەينىدىنمۇ ئارتۇقچە تارتىشىپ تۇرمايلا ماقۇل بولدى. شۇنداق بولمايمۇ نىمە ئىلاج. ھېلىمۇ نەچچە ھەپتە بولدى، ئۆيگە ئىككى قولنى سىلىپلا كىرىۋاتىدۇ. ياش بۇ يەرگە بارغاندا قىرىپ قالغان ئاتا -

ئانىسىنىڭ قولىغا قاراپ قېلىشىنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكتىن ئۆزى ئىشقا چىقتى. ھەممە كىشى ئۆزى ئۈچۈن پۇل تاپىدىغان، دادىسىنىڭ مال - دۇنياسى بار ئىكەن. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا قانداق قىلار ئىدى.

ئۇلار تاماقنى يەپ بولۇپ، ئاشخانىدىن چىقتى. تورغان زەينەپنى باشلاپ دۇكىنىغا باشلاپ كەلدى. دېگەندەك تورغاننىڭ بۇ ئاچقان دۇكىنى شەھەرنىڭ كۆزىدە بولۇپ، دۇكان ئورنىمۇ چوڭ ئىدى. ئۇنىڭدىكى ماللارمۇ باشقا دۇكانلاردىن پەرقلىنەتتى.

زەينەپنى قاراپ باقتى. دۇكانغا كىرىپ - چىقىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. دۇكاندىكى ئىككى چىرايلىق قىز كىرگەن خېرىدارلارغا تونۇشتۇرۇپ ھارمايتتى.

- بۇ يېقىندا ئاچقان دۇكان ئاداش. يېڭى بازاردا يەنە بىرى بار. ئۇنىڭمۇ سودىسى ياخشى. سەن خالىساڭ شۇنى ئېچىپ بەرگەن بولساڭ.

- ماقۇل، بىكار يۈرسەممۇ يۈرگىدەكمەن.

تورغان ئۇنىڭغا يېڭى بازاردىكى دۇكاننى كۆرسەتتى. بۇ دۇكاننىڭ ئورنى ھېلى كۆرگىنىدىن كىچىكرەك بولسىمۇ ماللىرى ئوخشاشلا ئىپسىل ئىدى.

- مانا ئاداش، دۇكان مۇشۇ. ئېچىلمىغىلى بۈگۈن ئىككى كۈن بولدى. ھېچبىر ئامال قىلالماي يۈرگەن ئىدىم. ئاز كۈندىن كېيىن ئىشلەيدىغان قىزدىن بىرنى تاپىمەن. شۇنىڭغىچە بايىقى قىزلارنىڭ بىرى كېلىپ ساقلاپ يارىدەم بېرىپ تۇرىدۇ. سەن پەقەت پۇل يىغىپ، دۇكانغا قاراپ بەرسەڭلا بولىدۇ. زېرىكسەڭ كومپيۇتېرمۇ بار. تورغا چىقىپ ماتېريال كۆرسەڭمۇ بولىدۇ.

زەينەپنى ئەتىسىدىن باشلاپلا ئىش باشلاپ كەتتى. دېگەندەك بۇ يەرنىڭ خېرىدارىمۇ كۆپ ئىدى. خېرىدار ئېزدىگەن نەرسىسىنى بۇ يەردىن تاپالمىسا، مۇلازىمەتچى قىز يەنە بىر دۇكاننىڭ ئورنىنى ئېيتىپ بېرەتتى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى. بىر كۈنى دۇكانغا مودا كىيىنگەن 33 - 34 ياشلار چامىسىدىكى بىر چوكان كىرىپ كەلدى. بۇ كۈنى دۇكاندا ئىشلەيدىغان قىزچاق كەلمىگەن بولۇپ، زەينەپنى ئۆزى يالغۇز قالغانىدى.

چوكان دۇكان ئىچىنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىقىپ بىر كۆڭلەكنى تۇتتى دە،

- ئاكا بۇ قانچە پۇل، - دەپ سورىدى.

زەينىدىن لەپپىدە ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى ۋە دەرھاللا كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ كۆينەككە قاراپ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا:

- سىز ئالمەن دېسىڭىزلا كىرگۈزگەن باھاسى بويىچە بېرەي. - دەپ سالدى.

- ۋېيەي ئۇنداق قىلسىڭىز تازىمۇ ياخشى بولاتتى. مۇشۇنداقلا قىلسىڭىز مەن دوستلىرىمنىمۇ بۇ يەرگە تونۇشتۇرۇپ قويىمەن. قېنى باھاسىنى ئېيتىڭا.

ئايال نازلىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا تىكىلدى.

- 200يۈەن.

ئەسلى بۇ كۆينەك بۇ يىلقى ئەڭ مودا بولىۋاتقان ماللارنىڭ بىرى بولۇپ، كىرگۈزۈش باھاسىلا 300يۈەن، ساتقاندىكى باھاسى 450دەپ باھا قويىلىپ تۆۋىنى 380دىن سېتىلىۋاتاتتى.

- يالغان دېمەيۋاتقانسىز ھە. بۇ كۆينەكنىڭ باھاسى ھەرگىزمۇ 400كويدىن تۆۋەن ئەمەس دەپ ئاڭلىغان. قارىغاندا مېلىڭىز سۈپەتى ناچار مال ئەمەستۇ؟

- سىزدەك ئۇز خېنىمغا مالنىڭ ناچىرىنى ساتساق ياراتقۇچىمۇ راۋا كۆرمەس. قورقماي ئېلىۋېرىڭ.

- ئۇنداقتا رەھمەت سىزگە. - ئايال ئۇنىڭغا قاراپ يەنە بىر قېتىم تاتلىق كۈلدى. بۇ كۈلكە بىلەن زەينىدىننىڭ شەيتىنى يەنە قىستىدى.

- ئەگەر ئالىمەنلا دېسىڭىز دۇكاندىكى ھەممە ماللارنى سىزگە يېرىم باھادا بېرىشكە تەييارمەن.

- قارىغاندا پۇلىڭىز كۆپ ئوخشىمامدۇ نېمە؟

- ئۇنداققۇ ئەمەس. بىراق پۇل دېگەن تۇرسا قەغەزنىڭ ئورنىدىكىلا بىرنەرسە. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كۆينەكمۇ بۇ يەردە تۇرسا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن سىزدەك چىرايلىق خېنىمنىڭ ئۇچىسىغا چىقسا ياخشى ئەمەسمۇ؟

ئايال ئۇنىڭ گەپلىرىدىن ئېرىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇلار سودىنى پۈتتۈردى.

شۇ قېتىملىق سودىدىن كېيىن ئاز كۈن ئۆتمەي ئۇ يەنە كەلدى. بۇ قېتىم كېلىشىدە ئۇلار ئۆز ئارا تونۇشتى.

گۈلنىسا ئىسمىلىك بۇ چوكانمۇ ئىلگىرى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغان، توي قىلغان، بىراق شاللاقلىقى سەۋەبىدىن بىر يىل بۇرۇنلا ئاجرىشىپ كەتكەن ئىدى.

گۈلنىسانىڭ ئىككى ئاكىسى بولۇپ ھەر ئىككىسىلا يۇقىرى ئورۇندا ئىشلەيتتى. شۇ سەۋەپتىن ئۇ باشقىلارنىڭ پۈتتۈرەلمىگەن ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈش باھانىسى بىلەن ئۇلاردىن پۇل ئېلىپ، ئاكىلىرىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئارىلىقتىن نۇرغۇل پۇل تاپقانىدى. ئەينى چاغدا يولدىشى ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى توسىغان بولدى. بىراق ئۇ گەنگەن خوي ئۆلگىچە دېگەندەك تەييارپۇلغا ئۆگىنىپ قالغان گۈلنىسا گەپنى ئاڭلىمىدى ۋە يەنىلا ئۆز بىلگىنى قىلىپ يۈردى. ئاجراشقاندىن كېيىن تېخىمۇ كىرىشىپ كەتتى.

ئۇلار بىرگە تاماق يېدى. گۈلنىسا زەينىدىنگە تېلفۇن نومۇرىنى بېرىپ ۋاقتى بولسا تېلفۇن قىلىشىنى ئېيتتى. زەينىدىن شۇ كۈنى كەچلىكلىكىئۇنىڭغا تېلفۇن قىلدى ۋە تېزلا بىر - بىرى بىلەن تېپىشتى. «ئىنەكنىڭ بەرگىسى كەلسە، بوقىنى ئۆزى ئىزدەپتۇ» دېگەندەك بۇ قىسىر ئىنەكمۇ شۇ كۈنلەردە تازا زىرىكىپ تۇراتتى. ئۇلار تۈنجى كۆرۈشكەن كۈنىلا ئوتتۇرىدىكى پەردىنى ئاچتى...

شۇنىڭدىن كېيىن زەينىدىن بۇ ئۆيگە دائىم كېلىدىغان بولدى. ئارىدىن يەنە بىر ئاي ئۆتتى. تۇرغان دۇكان سودىسىغا قاراپ، ھېساپىنىڭ تازا توغرا ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئۇ دۇكاندا ئىشلەيدىغان قىزدىن بۇ ئىشلارنى ئاڭلىغان ئىدى. «تۈزنى يەپ، تۇزلۇقنى چاققان» بۇ ئاغىنىسىدىن بىراقلا رايى يانغان تۇرغان دۇكاننى تاقاش باھانىسى بىلەن ئۇنى ئۆزلىكىدىن دۇكاندىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى.

زەيىندىن يەنە ئىشسىز قالدى. دۇكاندا ئىشلىگەندە ھەرھالدا ئۇ مۇقىم خىزمىتى بار ئادەمدەك ئۆيدىن چىقاتتى. بىراق ھازىر ئەھۋال ئوخشىمايدۇ. ئۇ تورۇپلاگۇلنىسادىن ئىبارەت بۇ بايلىق ئىلاھىدىن پايدىلىنىشنى ئويلاپ قالدى ۋە پات - پاتلا ئۇنىڭ يېنىغا بارىدىغان ئۇنىڭ ھېلىقىدەك ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىدىغان بولدى.

بىر كۈنى گۇلنىسا ئۇنىڭغا:

- ھازىر بۇنداق ئېھتىياجى بارلار ئاساسەن ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر. ئۇلار ياش ھەم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان بولغاچقا ئۇلار تورغا كۆپ چىقىدۇ. ھازىرقى نېمە دەيدۇ ھە راست، كوت - كوت دەمدۇ شۇ ئەك نوچى ئالاقىلىشىش قورالى ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا توردا ئىلان بەرسەكمۇ بولىدۇ.

ئۇلار ئىشنى كېلىشتى. زەيىندىن ئاساسەن توردىن پايدىلىنىپ يەمچۈك تاپىدىغان بولدى. ئاق كەپتەر ئىسىملىك بۇ مەلۇم نازارەت قارمىقىدىكى ئىدارىدە ئىشلەيدىغان ئالتۇن قوزۇق توردۇنياسىدا تېزلا تەسىرنى كىڭەيتتى. ئۇ يەمچۈكنى دائىم يېشى 20 - 30 ئەتراپىدىكىلەرگە تاشلايتتى. بىركۈنى ئۇ يەنە شۇنداق يەمچۈك ئىزدەۋېتىپ ئارخىپىغا 35دەپ يېزىلغان بىرىنى ئۇچرىتىپ قالدى. بىراق ئاق ئەتىرگۈل دېگەن بۇ چىرايلىق ئىسىم ئۇنى قىزىقتۇرۇپ قويدى - دە، ئۇنى قوشۇۋېلىش ئۈچۈن دەرھال ئۇچۇر ئەۋەتتى. قارشى تەرەپ ئاپتوماتىك قوشۇش ئىقتىدارىنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن تېزلا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۇچۇر قىلدى.

ئۇ دەسلەپ قارشى تەرەپ بىلەن مۇنداقلا سۆزلىشىپ بېقىشنى ئويلاشقان ئىدى. بىراق ئېكراندا رەيھانگۇلنى كۆرۈپلا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە رەيھانگۇلنىڭ (شەھەردە ئوقۇۋاتقان ئوغلۇم بار) دېگەن سۆزى ئۇنى تېخىمۇ قىزىقتۇرغان ئىدى.

ئەكبەر بىلەن مەردان روھى چۈشكۈن هالدا مەكتەپكە قايتىپ كەلدى. ئۈنىڭغىچە ئۇلارنىڭ ئايرىم چاقىرتىلغانلىقىنى ساۋاقداشلىرىمۇ ئاڭلاپ بولغانىدى. ئۇلار ياتاققا كىرىشى بىلەنلا ياتاقداشلىرى ئۇلارنى خۇددي ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك قاراشتى.

- باشقا ئىش يوقتۇ ئاداش، - سورىدى ياتاقداشلىرىدىن غەنى ئىسىملىك يېزىدىن كەلگەن بالا، - سىلەركەلگۈچە كۆڭلىمىز بىر خىللا بولۇپ قالدى.

ئەكبەر بىلەن مەردا ن بىر - بىرىگە قاراشتى. ئۇلار يولدا كەلگۈچە دېيىشىۋالغىنى بويىچە جاۋاپ بەردى.

- باشقا ئىش يوق ئىكەن. شۇ سەل ئاجىزلاپ قاپتىمىزكەن. شۇڭا بۈندىن كېيىن دىققەت قىلىشىمىز توغۇرسىدا دوختۇر ئەسكەرتىش بەردى.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇلار يەنە دوختۇرخانىغا باردى. قايتا تەكشۈرۈش قىلىندى. دېمەك، تەكشۈرۈش نەتىجىسى باشتىكى بىلەن ئوخشاش چىقتى. مەسئۇل دوختۇر بۇ قېتىم ئۇلار بىلەن رەسمىي يۈسۈندىسۆزلەشتى.

- قاراڭلار باللىرىم، - دېدى ئۇ مەسئۇلىيەتچانلىق چېقىپ تۇرىدىغان چوڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇلارغا تىكىلىپ تۇرۇپ، - سىلەردىن سوراپ باقاي. ئالدى بىلەن سىلەردىن ئۆمۈد قىلىدىغىنىم ماڭا چوقۇم راستچىل بولۇڭلار. ھەرگىزيالغان گەپ قىلماڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار ئۆزەڭلارغا ياخشى ئەمەس.

ئەكبەر بىلەن مەردان بىر - بىرىگە قارىشىپ قويىدى.

- قېنى جاۋاپ بېرىڭلار. سىلەر بۇ ئىشقا ئۇگۇنۇپ قالغىلى قانچىلىك ۋاقىت بولدى.

ئۇلار چۆچۈپ ئالدى بىلەن بىر - بىرىگە ئاندىن دوختۇرغا قاراشتى.

- بولدى مەندىن يوشۇرماڭلار. قانچە قىلغان بىلەنمۇ مەن ھەممىنى بىلىپ بولدۇم. مېنىڭ دوختۇر ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىلەر.

مەسئۇل دوختۇر ئۇلارغا يەنە نۇرغۇن تەرەپلەرنى چۈشەندۇردى. شۇندىلا ئۇلار ئەمدى يوشۇرۇن ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلىقىنى بىلىپ،

ھەممىنى باشتىن تارتىپ سۆزلەپ بەردى.

دوختۇر ئۆلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۆزىنى بىر نوقتىغا تىككىنىچە ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى.

تۇۋا، - دەپ ئويلىدى ئۇ، - بۇ جاھان نەقەدەر بۇزۇلۇپ كەتكەن ھە. مانا مۇشۇ كىچىككىنە، جاھاننىڭ ھېچقانداق خۇۋلۇقىنى كۆرمىگەن، تېخى ئون گۈلىنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغان ياش نوتىلارنىڭ بۇ يولغا كىرىپ قالغىنىنى. بۇنىڭدا سەۋەپ زادى كىمدە؟ ئاشۇ نارىسىدە باللاردىمۇ؟ ياق، ئەسلى گۇناھ ھەممىمىزدە. دېمەك، بىز باللارغا ياخشى ئىگىدارچىلىق قىلالمىدۇق. ئاتا - ئانىلارمۇ ھەدېسىلا باللارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى تولۇقلاپ بىرىپلا، ۋەزىپىسى ئادا بولغاندەك يۈردى. مەكتەپلەرمۇ، پۈتكۈل جەمئىيەتمۇ بۇ ئىشقا ئېتىبارسىز قارىدى. باللارنىڭ مەنىۋىيىتىنى داۋاملىق ياخشىلاپ تۇرۇشنى، ئۇلارغا نىمىنىڭ توغرا، نىمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ تۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالدۇق.

دوختۇر ئېغىر بىر تىندى. ئەكبەر بىلەن مەردانغا بۇ ۋاقىت تولىمۇ ئۇزۇن بىلىندى.

- سىلەردىن يوشۇرۇشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى قالمىدى، - دوختۇر سەل تۇرۇۋېلىپ گەپنىڭ ئاخىرىنى تۇزلا ئېيتتى، - بىزدە «ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا» دېگەن گەپ بار باللىرىم. سىلەر ھېلىقىدەك نىجىس ئىشلار سەۋەبىدىن ئۆزەڭلارغا كىسەل يۇقتۇرۇۋاپسىلەر.

دوختۇر نىمىشقىدۇر «ئەيدىز» دېگەن گەپنى دېمىدى. ئۇ سەل توختاپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

- ئەمدىكى گەپ سىلەرنىڭ بىزگە قانداق ماسلىشىشىڭلاردا قالدى. قېنى ماڭا ئۆيدىكىلەرنىڭ ئادرىسى ۋە تېلفۇن نومۇرىنى دەپ بىرىڭلار.

ئەكبەر بىلەن مەردان خۇددىي چوڭقۇر ھاڭنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك تويغۇغا كېلىپ قالدى. ئۇلار قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىشتى بىراق كېچىككەنىدى. ئۇلار بۇ ئىشلارنى قانداقمۇ ئائىلىدىكىلىرىگە دېيەلىسۇن؟ بولۇپمۇ ئەكبەر بۇ ئىشنى ئۆيدىكىلەرگە ئېيتىشتىن تولىمۇ قورقاتتى. دادىسىنىڭ مىجەزىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى.

ئائىلىدە پەقەت ئانىسىنىڭ قانات ئاستىغا ئېلىشى بىلەنلا دادىسىنىڭ نۇرغۇن تەربىيەلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقى ئۈنىڭغا ئايان ئىدى. دوختۇر مەردانىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق خاتىرلىدى. ئەكبەر گە كەلگەندە ئۇ ئاتا - ئانام جەنۇبىي شىنجاڭغا كىچىك دادامنى يوقلاپ كەتكەن قايتىپ كەلمىدى دەپ تۇرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇ يەردىن چىقتى.

دوختۇر مەكتەپنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى بىلەن سۆزلىشىپ ئۇلارغا ھەممە ئەھۋالنى تولۇقى بىلەن ئېيتىپ بەردى. مەردانىنىڭ ئاتا - ئانىسى خەۋەرنى ئاڭلاپلا يېتىپ كەلدى. ئۇلار كېلىپ بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ قان يىغلىدى. ئانا ئارىلىقتا ئىككى قېتىم ھوشىدىن كەتتى. بىراق ئەكبەرنىڭ ئائىلىسى بىلەن ئالاقىلىشىشنىڭ ئىمكانىيىتى بولمىدى. شۇھەپتىسىلا ئۇلارنى شەھەرلىك زەھەرلىك چېكىملىكنى مەجبۇرى تاشلاتقۇزۇش ئورنىغا ئاپىرىپ بەردى.

ئالاقىدا ر ئورۇنلار ئىككى بالىنىڭ سۆزى بويىچە كىنوخانىنى تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. راھىلە شېرىكلىرى بىلەن تۇتۇلدى. بۇ چاغدا ئەسقەر نىڭ ھالىمۇ خاراپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە قايتمىغىلى توپتوغرا 17 كۈن بولغانىدى. ساقچىلار ئۇنى ۋە بىر قانچە زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىنى تۇتۇپ، زەھەرلىك چېكىملىكنى مەجبۇرى تاشلاتقۇزۇش ئورنىغا ئېلىپ كەلدى. ئەسقەر ئۇ يەردە ئەكبەر ۋە مەردانلار بىلەن كۆرۈشتى. ئەينى چاغدىكى بۇ دوستلار بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم ئۇچراشتى.

16

زەيىنىدىن بۇ تەييار ئولجىنى قولدىن چىقارغۇسى كەلمىدى. ھەرخىل ئاماللار بىلەن ئۇنى ئۆزىگە قاراتتى. ئۇ ھەدېگەندىلا، رەيھانگۈلنىڭ ئەر غېمىدە قالغان، تازا دىقسىرىغان خىچىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىشنى يەنە بىرتەرەپتىن توغۇرلىماقچى بولغانىدى.

ھېلىقى قېتىم چىققاندىن كېيىن ئۇ ئارىلىقتا يەنە بىر قېتىم چىقتى.

بـۇ دەل چۈشـتـىن كېيىنكـى مەزگـىل بولـۇپ، ئـۇلار كۆرۈشـۈپلا خـۇددىي ئـۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن ئاشۇق - مەشۇقلاردەك بىر - بىرىگە ئېسىلىشتى...

قاسـىم ئـىشـەك دۇكانـدىن چىقىپ، ئـۆيى تەرەپكە مېڭىپ توختاپ قالـدى. توختـا، - دەپ ئويلـىدى ئـۇ، - قاسـىماخۇنكامنىڭ ھېلىقى نەسىللىك كالىسىنىڭ توغۇش ۋاقتى يېقىنلاپ قالغان، بىر بىرىپ يوقلاپ كېلەي.

بۈگۈنلەر دە ھاۋامۇ ئىسسىپ قالغانىدى. قاسىم ئىشەك قاسىماخۇننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. ئـۇ كۈنـدە نەچچە قېتىم كىرىپ يۈرگەن دەرۋازىنى ئىتتىرىۋىدى ئېچىلمىدى. رەيھانگۈلنى بىرىيەرگە كەتتىمىكىن دېسە ئۇنداق ئەمەس دەرۋازا ئىچىدىن ئېتىلگەن ئىدى. ئـۇ بىر قانچە قېتىم تـوۋلاپ باقتى. ھېچكىم چىقمىدى. ئـۇ كەلگەن ئىـكەن قايتىپ كېتىشنى خالىماي، دەرھال رەيھانگۈللەرنىڭ قوشنىسىنىڭ باغ تېمى ئارقىلىق قورا ئۈگزىسىگە چىقتى. ئـۇ ئۈگزىنىڭ قارىنى ئېيتىش ئۈچۈن قويۇلغان شوتا بىلەن تۆۋەنگە چۈشتى دە، قوراغا كىردى. دىمەك، ئۇنىڭ ئويلىغىنى توغرا چىقتى. كالا توغۇش ئۈچۈن كۈچەۋاتاتتى. كالىنى تۇغدۇرغۇچە ئۇنىڭ ھېچبىر ھالى قالمىدى. ئـۇ بـۇ خوش خەۋەرنى رەيھانگۈلگە ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن ئـۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئـۇ ئەمدىلا پىشايۋاننىڭ ئالدىغا كېلىشىگە رەيھانگۈلمۇ سىرتقا چىقىپ قالدى.

- ۋاي ئاپام، سىز، سىز...

قاسىممۇ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭغىچە «نىمە بولدى» دېگەن ئاۋاز بىلەن رەيھانگۈلنىڭ كەينىدە يىرىم يالىڭاچ زەيىندىن كۆرۈلدى.

- مەن شـۇ، كـالا تۇققـان ئىـكەن، شـۇنى سـىزگە... قاسـىم ئىشـەك گېپىنىڭ ئاخىرىنى تاپالماي قالدى.

رەيھانگۈلنىڭ چىرايى دەسلەپ ئۆڭۈپ، كەينىدىن قارىداپ كەتتى. قاسـىم نىمە قىلىشىنى بىلمەي كەينىگە قايرىلدى دە سىرتقا قاراپ يۈگۈرگەندەك ماڭدى. دەرۋازىغا بارغۇچە نىمىگىدۇر پۇتلاشتى.

رەيھانگۈل تېخىچىلا جايىدا مىدىرلىماي تۇراتتى. زەيىندىن ئـۇنى ئاستا ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

- ئەمدى قانداق قىلىمىز زەيىنىدىن، مانا رەسۋا بولدۇق. بۇ گەپ ئەمدى بىردەمدىلا پۈتۈن مەھەللىگە يېيىلىدۇ. زادى قانداق قىلىمەن.

زەيىنىدىن ئۇنىڭغا تەسەللىي بولغۇدەك سۆز تاپالمىدى. ئۇ نېمە دېيەلىسۇن. بولدى مەن بىلەن كېتىڭ دەمدۇ؟ بۇنداق بولۇشى مومكىنمۇ؟ مۇشۇ تاپتاگۈلنىسا، ئۇنىڭ رەيھانگۈلنىڭ ئوغلىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن بەرگەن پۇلىنى ئەكېلىشىنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ ھەتتا ئۆزىگىمۇ تەسەللىي بولالمايدىغان بىر نەرسىلەرنى دېدى دە، ئالدىراپلا چىقىپ كەتتى.

شۇ كېچە رەيھانگۈل بىر كېچە كىرپىك قاقماي چىقتى. ئۇ ئېغىر تىنىۋاتتى. قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلاتتى. ياراتقۇچىدىن ئاسانلىق تىلەتتى. ئۇ يېنىدا ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ياتقان ئاززىگۈلگە قاراپ، ئۇنىڭ غەمسىز ئۇخلاۋاتقانلىقىدىن سۆيۈندى.

ئەتىسى ئەتىگەندە رەيھانگۈل ئورنىدىن بالدۇر تۇرۇپلا تاماققا تەييارلىق قىلدى. ئۇ ھەر ئېھتىمال قاسىمنى بىر چېكىپ باقماقچى بولغانىدى.

قاسىممۇ ئەتىگەندىلا بۇ ئۆيگە كەلدى. ئۇ رەيھانگۈلنى كۆرۈپ ئارتۇقچە گەپ قىلماي قوتانغا كىرىپ كەتتى. رەيھانگۈلمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كىردى. قاسىم ئۇنىڭغا قارار كۆزى يوق ئۆز ئىشى بىلەن بەنت ئىدى.

بىر چاغدا ئۇ ئىشلىرىنى تۈگۈتۈپ ماڭماقچى بولغاندا، رەيھانگۈل ئۇنى چاي ئىچىپ مېڭىشقا تەكلىپ قىلدى. بىراق قاسىم ئۇنىمىدى. رەيھانگۈل ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ئۆيگە تەرەپكە زورلىدى. ئايال كىشىنىڭ بولۇپمۇ رەيھانگۈلدەك چوكاننىڭ قولىنى تۇتۇشى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى يۇمشاپمۇ قالدى. «بولۇپتۇ، - دەپ ئويلىدى ئۇ، - بۇ بىچارە ئايالنىڭمۇ كۆڭلىدە غىمى باردۇ. تېخى ئۇ ياش ئەمەسمۇ». قاسىم شۇلارنى خىيال قىلغاچ ئۆيگە كىردى. رەيھانگۈل ئۇنىڭ ئالدىغا دەستىخان سېلىپ، ئالدى بىلەن چاي قۇيدى. كەينىدىن ئەتىگەندە سالغان توخۇم پوشكىلىنى تاۋاقتا سېلىپ ئەكەلدى. قاسىم گەپ قىلماي

قورسىقىنى راسا تويغۇزدى. ئۇ تاماقتىن كېيىن دۈئا قىلىپ قايتماقچى بولدى.

بۇ چاغدا رەيھانگۈل ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ده، ئۇنىڭ مۆرىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈش نەزىرىدە قارىدى.

- قاراڭ قاسىم، تۈنۈگۈن زەيىنىدىن ئىنىمىز چىقىپتىكەن. شۇ كۈينىكى پاسكىنا بولۇپ قاپتىكەن شۇنى يۇيۇپ بېرەي دەپ تۇراتتىم. مەن... مەن... سىزنى خاتا چۈشۈنۈپ قالدىمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم.

«قارا بۇ جەددالنى، - دەپ ئويلىدى قاسىم، - قاراپ تۇرۇپ مېنى قايقا سېلىپ ئويناۋاتقىنىنى» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولدى.

- قارىغاندا سىز راستىنلا خاتا چۈشەنگەن ئوخشايسىز، - رەيھانگۈل بۇ قېتىم ئۇنىڭغا رەسمىي يېپىشتى، - مەن ئەزەلدىن سىزنى ئۆز كۆرۈپ كەلدىم. بۇ قېتىم مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ قويۇڭ. ئەگەر بۇ ئىشلار نى باشقىلار بىلسە ماڭا سەت.

ئۇ بېشىنى ئاستا قاسىمنىڭ مۆرىسىگەقويدى. ئايالدىن ئايرىلغان بىر يىلدىن بۇيان تالاي كېچىلەرنى تورۇسقا قاراپ، ياستۇقنى قۇچاقلاپ ئۆتكۈزگەن قاسىم ئىشەكنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاجايىپ بىر سېزىم بېسىپ كىردى. قانلىرى قىزىپ، يۈرىكى دۈكۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. ئۇ ئاخىرىنى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەيلا ئۆزىنى رەيھانگۈلنىڭ ئۈستىگە ئاتتى...

شۇ ئىش بولۇپ تۆت كۈندىن كېيىن قاسىماخۇن قايتىپ كەلدى. يولدا جاپا تارتقاچقىمۇ ياكى ئىنىسىنىڭ ئۆلۈمى ئېغىر كەلدىمۇ ئۇ ياداپ قالغانىدى. ئىشلار يەنە ئۆز ئىزىغا چۈشكەندەك قىلاتتى. قاسىماخۇن ئەكبەرنىڭ ئىككى ھەپتىدىن بېرى ئۆيگە چىقمىغانلىقىنى بىلىپ ئۇنى يوقلاپ چىقماقچى بولدى.

شەمبە كۈنى قاسىماخۇن بالدۇرلا شەھەرگە ماڭدى. رەيھانگۈل نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ بىلەن بىللە باراي دېمىدى. مۆشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ كۆڭلى تولىمۇ غەش ئىدى. «كۈنى ئېتەك بىلەن پايقىلى بولمىغاندەك» ئۇنىڭ ئىشلىرى مەھەللىدىكىلەرنىڭ قۇلىقىغائاللىبۇرۇن يېرىپ

يەتكەندى.

ئۇلۇشكۆنكى مەھەللىدە بولغان تويغا رەيھانگۈلمۇ قاتناشتى. ئۇ بۈرۈنقىدەكلا مەھەللىدىكى ھېلىقىدەك «تۆر مەستانىسى» ئاياللار بىلەن تۆردىن ئورۇن ئالدى. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن قۇدا تەرەپ قىز مېلىنى كۆرسەتمەكچى بولۇشتى. لېكىن مەخسۇس تونۇشتۇرۇشقا ئېلىپ كەلگەن ئايال بىر ئىش بىلەن ھايال بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئاياللار پاراڭغا چۈشتى.

- ئاڭلىدىڭلارمۇ، - دېدى سارىخان سەتەڭ بوم ئاۋازى بىلەن ھەممىنى ئۆزىگە قارىتىپ تۇرۇپ، - ئاڭلىسام مۇشۇ يېقىندىن بۇيان مەھەللىمىزدە ئىشەكچىلىك قىلىپ يۈرگەنلەر پەيدا بولۇپ قاپتۇدەك.

ھەممەيلەن ئۇنىڭ گېپىگە خىرىلداپ كۈلدى. گەپ تېپىلدى.

- دىققەت قىلىڭ سارىخان ئاچا، - گەپنى تېخىمۇ ئۇيغىتىپ مەرەمنىسا دېگەن قاپقارابولغىنىغا قارىماي گىرىمنى ئۆلگۈدەك قىلىۋالغان ياش ئايال، - ئېرىڭىز سىرتقا رامزان ئېيتىپ چىقىپ كەتمىسۇن.

- ۋوي، رامزاننىمۇ ئېيتالايدىغان ئەر ئېيتالايدۇ. ئۆيدىمۇ، تالادىمۇ رامزاننى ئېيتالايدىغان ئەرنى ئەر دەيمىز.

- ۋېيەي دەيمانا، - مەرەمنىسا تېخىمۇ شەيتانلىق قىلغىلى تۇردى، - شۇ سىرتتا كۈچەپ تۇۋلاپ قويۇپ، ئۆيگە كىرگەندە ئاۋازى پۈتۈپ قالمىسۇن دەيمەنغۇ؟

پاراققىدە كۈلگە كۆتۈرۈلدى. سارىخانمۇ قوشۇلۇپ كۈلۈپ كەتتى.

- ئەمدى ھېلىقىدەك ئىشەكچىلىك قىلىپ يۈرگەنلەرگە ئۇچراپ قالسا تۇتۇلۇپمۇ قالار بەلكىم. بۇنداق بۇقسىراپ كەتكەنلەرنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ.

رەيھانگۈل ئولتۇرالمايلا قالدى. ئۇ قىز مېلىنى كۆرۈشكىمۇ رايى بارماي ئاستىلا قايتىپ چىققاندى...

قاسىماخۇن شەھەرگە كىرىپلا ئۇدۇل مەكتەپكە باردى. ئۇ ئالدى بىلەن ياتاق بىناسىغا كىرىپ، ئوغلىنىڭ ياتىقىغا كىردى. ئىككى بالا تېخىچە ئۇخلاۋاتقان ئىدى. ئۇلار قاسىماخۇننى كۆرۈپ سەل ئوڭايسىزلاندى. ئۇنىڭ

ئەكبەرنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىشتى.

ئۇلار قاسىماخۇننى باشلاپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىردى. مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تورالغۇ ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا مەكتەپ ئىچىدىن مۇۋاپىق ئورۇن ئاجرىتىپ، ئىككى كورپۇس ئولتۇراق بىنا ئۆي سالغانىدى. قاسىماخۇن ئۆيگە كىردى. قورۇقلا كىلىپ قالغانلىقىدىن خىجىل بولدى. بىلگىنىدە ئىدى ئازراق تەييارلىق بىلەن كەلگەن بولاتتى.

ئەكبەرنىڭ سىنىپ مەسئۇلى ئەلى مۇئەللىم بىرھازارغىچە قاسىماخۇنغا قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمەي ئولتۇرۇپ كەتتى. دىمەيمۇ ئامال قانچە؟ ئۇ قاسىماخۇننى ھەدەپ چايغا زورلايتتى. ئاخىرى گەپ تېشىلىپ ئۇ بولغان ئەھۋاللارنى قاسىماخۇنغا بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

قاسىماخۇننىڭ بېشىغا بىرى خۇددىي ئېغىر بىر نەرسىنى ئېسىپ قويغاندەك بارا - بارا ساڭگىلاپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئۆڭۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سىنىپ مۇدىرى دەرھاللا ئۇنى يۆلىدى.

- ئاكا، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، ئۆزلىرىنى تۇتىۋالسىلا.

بىراق، قاسىماخۇننىڭ ئېغىزى گەپكىمۇ كەلمەيتتى. ئەلى مۇئەللىم دەرھال تېلىفۇن بىرىپ، قوشنا خىزمەتداشلىرىدىن ياردەم سورىدى. ئۇلار قاسىماخۇننى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلدى. دوختۇر ئۇنىڭ ئارتۇقچە جىددىلىشىپ كەتكەنلىكتىن ھوشىنى يوقاتقانلىقىنى، دەم ئالسا ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى لىكىن دىققەت قىلمىسا كىلەركى قېتىم يەنە شۇنداق ئىش بولسا مېڭىگە قان چۈشۈش خەتىرىنىڭ كىلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. چۈشكىچە دەم ئالغان قاسىماخۇن ئەلى مۇئەللىمنىڭ ياردىمى بىلەن چۈشتىن كېيىن دوختۇرنىڭ توسىغىنىغىمۇ قارىماي، ئەكبەرنى كۆرگىلى زەھەرلىك چېكىملىكنى تاشلاتقۇزۇش ئورنىغا باردى. ئۇ ئەكبەرنى كۆرۈپ يەنە ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. ئەكبەر بۇ كۈنلەردە تېخىمۇ تۈگەپ كەتكەن بولۇپ، بۇرۇنقى ئومىاق ھالىتىدىن

ئەسەرمۇ قالمىغان، ئۇستىگە ئادەمنى ئەندىشىگە سالىدىغان بىمارلار كېيىپ يۈرىدىغان كىيىم كىيۈالغانىدى. ئاتا - بالا قۇچاقلىشىپ يىغلاشتى. ئەلى مۇئەللىمۇ ئەكبەرنى قۇچاقلاپ كۆزىگە ياش ئالدى. قاسىماخۇن بىلەن ئەلى مۇئەللىم دوختۇرلار بىلەن سۆزلىشىپ كۆردى. ئەكبەرنىڭ ئەھۋالى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى.

ئۇ مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بىجىردى، ئىككى كۈندىن كېيىن كېلىدىغان بولۇپ چۈشتىن كېيىنكى ئاپتۇبۇسقا ئۇلگۈرۈپ ئۆيىگە قايتىپ چىقتى.

قاسىماخۇن شۇ كۈنى كەچتە ئۆيىگە يېنىپ چىقىپ، رەيھانگۈلگە بۇ ئەھۋاللارنى باشتىن - ئاخىر سۆزلەپ بەردى. رەيھانگۈلمۇ بۇ ئەھۋاللارنى بىلىپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىدى.

ياز كۈنلىرى يېتىپ كەلدى. قاسىماخۇن بىلەن رەيھانگۈل نۆۋەت بىلەن شەھەرگە كىرىپ ئەكبەرنى يوقلاپ تۇردى. شۇ كۈنلەردە رەيھانگۈل شەھەرگە كىرگەندە زېيىنىدىننىمۇ قوشلاپ يوقلاشنى ئۇنتۇمىدى. مەھەللىدىكى چاغدا قاسىم ئىشەكمۇ ئۇنى بوش قويمايۋاتاتتى.

قاسىماخۇن مەھەللىدىن ئايالى توغۇرىسىدا بىر قىسىم مىش - مىش گەپلەرنى ئاڭلاپ قالدى. دەسلەپ ئۇ بۇ ئىشلارغا ئېتىبار قىلماي يۈردى. دېمىسىمۇ بۇنداق ياش چوكاننىڭ كەينىدىن گەپ چىقماي قالاتتىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ بىرىنچى قېتىملىقى ئەمەس. بۇرۇنمۇ بۇنداق ئىشلار بولغان.

بىر كۈنى مەھەللە ئىمامى ئەتىگەنلىك بامدات ۋاقتىدا تويۇقسىز كۆپچىلىككە قاراپ:

- قىرىنداشلار مۇشۇ كۈنلەردە مەھەللىدە بىر قىسىم پاراڭلار ئەۋەج ئېلىپ قالدى. بۇ گەپلەرنىڭ راست - يالغانلىقى نامەلۇم. لېكىن شۇنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىق لازىمكى شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىماس دېگەن گەپ بار. يۈرت ئىچىنى بۇزۇقچىلىق، قىمارۋازلىق، ئوغرىلىق قاپلىسا بۇنىڭ كاساپىتى پۈتۈن بىر يۇرتقا بولىدۇ. شۇڭا ھەممىمىز ئۆزىمىزگە چىڭ بولايلى. بولۇپمۇ ئەرلەر ئۆزجۈپتىمىزگە سادىق بولايلى. ئۇلارنى چىڭ تۇتايلى.

قاسىماخۇن بۇ گەپلەرنى خۇددى ئۆزىگە قارىتىپ ئېيتقاندەك بولۇپ قالدى. ئۇ ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭغىچە رەيھانگۇل ئۇنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ، دەستىخان سالدى.

مۇشۇ كۈنلەردە رەيھانگۇلنىڭمۇ ئىشلىرى غەلىتە بولۇپ، قاسىماخۇننىڭ ئالدىدا قىلغان ئىشلىرى پەقەتلا قاملاشمايتتى. ھە دېسىلا بىر نەرسىلەرنى ئۆرۈپ، بىر نەرسىلەرنى بۇزۇپ يۈرەتتى. بۇ ئىشلار قاسىماخۇننىڭ كۆڭلىدە ئاللىقانداق گۇمانلارنى پەيدا قىلاتتى.

بىر كۈنى شەھەردىن تويۇقسىز ئەكبەرنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقى توغۇرسىدا خەۋەر چىقتى. قاسىماخۇن بىلەن رەيھانگۇل دەرھال شەھەرگە ئاتلاندى. ئۇلارتېزلا دوختۇرخانىغا باردى. ئەكبەرنىڭ ھالى خاراپ بولۇپ، گەپ قىلىشقىمۇ مادارى يوق ئىدى. ئۇ ئاتا - ئانىسىنى كۆرۈپ كۆلگەندەك قىلدى.

بۇ ھالنى كۆرۈپ قاسىماخۇن ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى. رەيھانگۇلمۇ بالىنىڭ بېشىنى قۇچاقلاپ يىغلىدى. ئۇلار بىردەم مۇشۇنداق يىغلاشتى.

- دادا، ئاپا، - ئەكبەر تولىمۇ زەئىپ ئاۋازدا سۆزلەۋاتاتتى، - سىلەرنى كۆرۈپ تولىمۇ خوشال بولدۇم. كۆندە سىلەرنى ئويلاپ چىقىمەن. سىلەرنى سېغىنىمەن.

قاسىماخۇننىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلگەندەك بولدى.

- بىزمۇ سېنى سېغىنىمىز بالام. شۇ دوختۇر كەلمەڭلار دېگەچكىلا ئامال يوق. قانچە قېتىم دوختۇرخانىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ كەتتۇق. لېكىن ئۇلار بىزنى كىرگۈزمىدى.

- دادا، مەن قىلغان ئىشلىرىمغا تولىمۇ پۇشايمان قىلىمەن. باشتىلا سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلىغان بولسام ئۇنداق بولمايتتى. سېنىڭ سۆزۈڭگە كىرمەي ئۆزەمنىڭ بىلگىنىمچە چوڭ بولدۇم. مانا بولغان ئەھۋالىم.

- ئۇنداق دېمە بالام، سەن چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىسەن. بۇندىن كېيىن گېپىمنى ئاڭلىساڭلا بولىدۇ. مەن ئۇ ئىشلارنى ھەرگىز سۈرۈشتۈرمەيمەن.

- رەھـــمەت دادا، قارىغانـــدا مەن ياخشـــى بولالمايـــدىغان ئوخشـــايمەن. ئاتىلىســـــام ئەســـقەر تـــۈگەپ كېتىپتـــۇ. مـــاڭىمۇ شـــۇ ئەجەل بۇگـــۈن، ئەتە كېلىدىغاندەكلا قىلىدۇ.

- ئۇنـــداق دېـــمە بـــالام، ســـەن چوقـــۇم ياخشـــى بولـــۇپ كېتىســـەن. غەيرەتلىك بول. قارا ئوغۇل بالا دېگەن يىغلىمايدۇ.

- كۆڭلـــۈمنى ياســـما دادا، ئۆزەمنـــىڭ ئەھـــۋالى ئـــۆزەمگە ئايـــان، ئاپـــا سەنمۇ مەندىن رازى بول.

رەيھـــانگۈل تىخمـــۇ ئۆكســـۈپ يـــىغلاپ كەتتـــى. بـــىر چاغـــدا ئەكبەرنىـــڭ يـــۈرەك سوقۇشـــى جىددىلىشـــىپ كەتتـــى. ئـــۇلار دوختـــۇرنى چـــاقىردى. دوختـــۇر كـــىرگىچە بولغـــان ئارىلىقتـــا ئەكـــبەر دادىســـىنىڭ قۇچىقىغـــا بېشـــىنى قـــويغىنىچە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى...

بۇ ئىشـلار قاسـىماخۇنغا تولىمـۇ ئېغىـر كەلـدى. بـىر كېچىـدىلا ئـۇ نەچچە يـاش قېرىـپ كەتكەنـدەك بولـدى. ئەمـدىلا ئـاق سـانجىغان سـاقاللىرى بىـر كېچىـدە ئاقىرىـپ كەتتـى. ئەكبەرنـى يەرلىكـدە قويـۇپ بىـر ھەپتىـدىن كېيىـن ئۇنىـڭ تـوپراق بېشـىغا چىققـان قاسـىماخۇن شـۇ يەرگـىلا يىقىلـدى. تـوپراق بېشـىغا چىققـان ئىككەيلـەن بـۇنى كـۆرۈپ، ئـۇنى ئـۆيىگە ئېلىـپ كەلـدى. قاسىماخۇن شۇ ياتقىنىچە ئورنىدىن تۇرالماي يېتىپ قالدى.

رەيھـانگۈل دەسـلەپ ئۇنىڭغـا ياخشـى قارىـدى. بـىراق بارغانسـىر ى ئـۇ چـاڭغىلى تـوردى. بـۇ كـۈنلەردە قاسـىماخۇنىڭ تەرىتىمـۇ ئورنىـدا بولـۇپ، رەيھـانگۈل يىرگىنىـپ تـۇرۇپ ئۇنىـڭ تېگىنـى تـازىلاتتى. مەھەللىـدىكىلەرنى كىرىپ قالمىسۇن دېمىسە ئۇ بىر كۈندە بىر لا قىتىم تازلىغان بولاتتى.

قاسـىم ئىشـەك ئەمـدى پـوش دىمەيـدىغان بولـدى. ئـۇ ھە دېگەنـدىلا قاسـىماخۇننىڭ ئـۆيىگە كىرەتتـى. ماللارغـا قاراشـنى باھـانە قىلىـپ، كـۆڭلىنى خـوش قىلىـپ يـۈردى. بـۇ ئىشـلارنى مەھەللىـدىكى كىچىـك - چـوڭ ھەممىسـى بىلىـپ يەتتـى. قاسـىماخۇنمۇ بـۇنى سـىزىپ تـۇراتتى. لېكىـن نـېمە ئامـال؟ بىچـارە تورۇسـقا قـاراپ ئاللاھقـا سـىغىناتتى. تـىزراق ئامـانەتنى ئېلىشـىنى تىلەيتتى.

بـىر كـۈنى قاسـىماخۇن ئەمـدىلا كـۆزىنى يۇمـۇپ، ئـوخلاي دەپ تۇرىشـىغا

ياندىكى ئۆيدىن كۈلگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ھاياسىزلار قاسىماخۇننىڭ ئۇخلىشىنى كۈتمەيلا ئىشىنى باشلىغان ئىدى. ئاۋاز تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلانغىلى تۇردى. بۇ خورلۇقلارغا چىدىمىغان قاسىماخۇن كالپۇكىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى. ئۇ قاچانلىدۇر ئۇخلاپ قالدى. چۈشىدە ئوغلى ئەكبەرنى كۆردى. چىرايلىق مەكتەپ فورمىسى كىيگەن ئەكبەر ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. قاسىماخۇنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى. ئاتا - بالا چىڭ قۇچاقلاشتى.

- دادا، ئاڭلىسام بەكمۇ قىينىلىپ قاپسەن. مەن تۇرىۋاتقان جايدا جاپا يوق. شۇڭا سېنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم دادا.

- ئىنسابىڭغا كۆپ رەھمەت بالام.

- يۈره دادا، بۇ يەردە تۇرىۋەرسەڭ ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدۇ. قاراپ باق، سەن تۇرىۋاتقان بۇ يەردە ھازىر ئادەملەر بۇزۇلۇپ، كىشىلەردىن مېھىر ى - ۋاپا، ھايا، كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. بۇنداق يەردە ئىنسان قانداقمۇ خاتىرجەم ياشىغىلى بولسۇن. كېتەيلى دادا.

ئەكبەر دادىسىنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە ئاستا - ئاستا كۆككە كۆتۈرۈلدى.

قاسىماخۇن چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى. ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەجەب سەھەرگە يېقىن چۈش كۆرۈپ كەتتىما.

شۇ چاغدا رەيھانگۈل كىرىپ كەلدى. قاسىماخۇن ئۇنىڭغا قارىماي تام تەرەپكە قاراپ يېتىۋالدى. رەيھانگۈل بىر ئىشنى سەزگەندەك قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

رەيھانگۈل ئۇنىڭ ئاستىنى تازىلىماقچى بولۇۋىدى قاسىماخۇن ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى.

- ئوش نېمانداق قىلىدۇ ماۋۇ ئۆلەرمەن، - رەيھانگۈل بىراقلا بۆره - تېرىسىنى كىيدى، - ھېلىمۇ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان چىداپ كەلدىم، مەندىن باشقىسى بولغان بولسا ئاللىبۇرۇن كەشسىنى توغۇرلىغان بولاتتى.

- يوقال! ! !

قاسىماخۇن شۇ گەپنى دېدىدە، لاسسىدە بوشاپ كەتتى. بىر چاغدا ئۇنىڭ بېشى ئاستا قىيسىپ، بىريانغا بولۇپ قالدى. رەيھانگۈل قورقۇپ كەتتى. بايىقى سۆزنى بىركىم ئاڭلاپ قالمىغان بولمىسۇن دەپ، دەرھال سىرتقا چىقىپ قاراپ باقتى.

ئۇ كىرىپ قاسىماخۇننىڭ تىنىقتىن قالغانلىقىنى بىلدى. دەرھال ئۇنىڭ تېگىنى تازىلىدى. پاكىز كىيىملەرنى كىيدۈردى. ھەممە ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن قوشنىلىرىنى چاقىرىپ كىردى. ئۆيدىن يۇرەكنى ئىزىدىغان، كىشىلەر پەقەت ئەڭ يېقىن ئادەملىرىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالغاندىلا ئاڭلىنىدىغان يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى.

قاسىماخۇن تۈگەپ، بىر ئايمۇ بولماي زەيىندىن بۇئۆيدە يەنە پەيدا بولدى. ئەمدى قاسىم ئىشەكمۇ بوش كەلمىدى. بىر كۈنى ئىش ئۈستىگە چۈشۈپ قالغان قاسىم زەيىندىننى قولغاچىقىقانلىكى نەرسە بىلەن ئۇردى. بىر چاغدا زەيىندىننىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. قاسىم قورقۇپ، تالاغا قاراپ قاچتى. رەيھانگۈل دەسلەپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. كېيىن بىردىنلا «ئادەم ئۆلدى، ئادەم ئۆلدى، قاسىم ئىشەك ئادەم ئۆلتۈردى» دېگىنچە سىرتقا قاراپ يۈگۈردى...

## ئىككى يىلدىن كېيىن

مۇشۇ كۈنلەردە مەھەللىدە تۇيۇقسىز بىر سىراك پەيدا بولۇپ قالدى. مەھەللىدىكىلەر بۇ ئايالنى قەيەردىدۇر بىر يەردە كۆرگەندەك قىلدى. ئايال بېشىغا كونىراپ كەتكەن ياغلىق ئارتقان، پۇتىغا يىرتىلىپ، مايمىقى چىقىپ كەتكەن، كىملەردۇر بەرگەن ئەسكى ئۆتۈك كىيگەن، ئۇچىسىغا ئۇستى - ئۇستىلەپ كىيىم كىيۋالغانىدى. قارىغاندا ئۇ باشقىلار بەرگەن كىيىملەرنى مۇشۇنداق ئۇستى - ئۇستىگە ئارتىۋالغاندەك قىلاتتى. مەھەللىدە ئۇ پەيدا بولسىلا كىچىك باللار چۇرقىرىشىپ، ھەر تەرەپكە قېچىشاتتى. ئۇ ھېچكىمگىمۇ گەپ قىلمايتتى. ئۇنىڭ زادى نەدە يېتىپ قوپىدىغانلىقى، تاماقنى قەيەردە يەيدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ

ھەركۈنى ئۆدۈل تۆپىراق بېشىغا چىقىپ، ئەكبەر ۋە قاسىماخۇنلارنىڭ قەۋرىسىنى ئايلىنىپ يۈگۈرۈپ ئوينىياتتى. ئۆز - ئۆزىگە بىر نەرسىلەرنى دەيتتى، سومكىسىدىكى يەيدىغان نەرسىلەرنى تۆپىراق بېشىغا قوياتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ ھەركىتىدىن ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇلغان بىر ئىشلارنى ئەسلىگەندەك بولاتتى. لېكىن بىر - بىرىگە بۇ ھەقتە ھېچنېمە دېيىشمەيتتى. ئاز كۈن ئۆتۈپ ئۇ يوقاپ كەتتى. بىراق بىر كۈنى ئۇ تويۇقسىز يەنە پەيدا بولدى. مەھەللىدىن چاڭ توزۇتقىنىچە يۈگرەپ ئۆتۈپ ئۆدۈل قەبرىستانلىق تەرەپكە كەتتى. ئۇ قەيەرلەردىندۇر تېپىۋالغان كومپيۇتېرئاپاراتىنىڭ قورۇق قېپىنى بىر تانىغا سۆرىتىۋالغانىدى...

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئەسىر مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتى. كونىلار: «كىشىگە قىلغان، كىشىدە قالماس» دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتقان. مانا بۇ ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگىمۇ نەچچە يىل بولدى. بۇ ئىش مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئېسىدىن تېخىچە كۆتۈرۈلگىنى يوق. مەھەللىدىكىلەر ئايۇپ خېمىرنىڭ دۇكىنىغا يىغىلغان چاغلاردا يەنە شۇ ئىش توغۇرسىدا ئانچە - مۇنچە پاراڭ سىلىشىپ قويىدۇ. قاسىم ئىشەكنىڭ تۇرمىدە بىر تۇرمىدىشى تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، مەھەللىدە پەيدا بولغان سارائىنىڭ بىر كۈنى قاسىماخۇن ۋە ئەكبەرنىڭ قەبرىسىگە ياندىش، گۆمۈرۈلۈپ چۈشكەن بىر قەبرە ئىچىدە ئۆلۈپ قالغانلىقى بىر مەزگىللەرگىچە پاراڭنىڭ باش تېمىسى بولۇپ كەلدى.

بۇ ئىشلارغۇ شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى. لېكىن كۈندىن - كۈنگە تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ئارىمىزدا ھازىرمۇ شۇنداق ئىشلارنى يوق دەپ كىممۇ ئېيتالايدۇ؟ بەلكىم تالاي ئەكبەر، مەردانلار بىر قىسىم ئادەم كەبى مەلئۇنلارنىڭ قولىدا ياشلىق ھاياتىدىن ئايرىلىۋاتقان، رەيھانگۈلگە ئوخشاش تالاي «ئەتىرگۈل» لەر بەخت ئىچىدە تۇرۇپمۇ بەخت ئىزدەۋاتقان، زەينىدىنگە ئوخشاش پۇلنىڭ قۇلى بولۇپ كەتكەنلەر، تالاي بىگۇناھ باللارنى ئازابلاپ، بالا دەردىدە يۈرىكى سەكپارە بولۇۋاتقان ئاتا - ئانىلارنىڭ يىلىكىنى سۈغۇرۇپ ئېلىپ، خاتىرجەم ياشاپ يۈرگەندۇ؟

ئاخىرىدا يارانقۇچىدىن ھەربىر بەندىسىنىڭ ئىنساۋىنى تىلەيمەن.

ئاللا ھەممىمىزنى پاناھىدا ساقلىسۇن!

مەنبە: تەڭرىتاغ مۇنبىرى
ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: مەنزىل گۇرۇپپىسى

مەنزىل

ئىلىم ـ ھېكمەت چۆللىرىدىن مەرىپەت ئىزلىگەن قۇل بىز، بولغۇسى ھەربىر قەدەمدىن كۆمۈلمەس ئىزلار ئايان. ئازغان يۈرەك، ھارغان تىلەك، ئەمدى نە قىلماق كېرەك؟ ھەر تىنىقتا بىر سوئال، مەنزىل قايان؟ مەنزىل قايان؟

مەنزىل تورى ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

www.Menzil.biz

book@menzil.biz menzilbiz@163.com